«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵

双效期刊

中华人民共和国新闻出版总署



3

2009

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

05>

9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



سەمەرىلىك تاجىك تەتقىقاتچى، پېداگوگ، پروفېسسور

شېرىن قۇربان ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 57- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2009- يىل 3- سان
( ئومۇمىي 297- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل
سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇساندا

## تەقدىرىڭ ــ تەدبىرىڭدە


قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى باقالىدىم .................. مۇيەسسەر ئابدۇراھەت (خەندان) 2

بۇگۈنمۇ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسىز ............................ قاۋۇل ساۋۇر 5


## پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى


ئالمۇتىدا تۆت كۈن ................................ ئابدۇكېرىم رەھمان 9


## نەۋرۇز مۇبارەك


نەنجىڭدە نەۋرۇز ................................ يالقۇن روزى 20


## «ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»


زىيالىيلارنىڭ كىملىكى ۋە رولى ئۈستىدە ئويلىنىش.......... زۇلپىقار بارات ئۆزباش 25


## يۈرەكتىن يۈرەككە يول


ئۇيغۇرتىلى ئۆگىنىۋاتقان ئامېرىكانىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار ...... تەييارلىغۇچى: م.ئو.ئالغا 50


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .............................. ئەسقەر ھوشۇر قاتارلىقلار 54

«ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» ................ دەلىللىگۈچى: ئابدۇغەنى توختى توغرۇل 64


## «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»


«شوپۇر ئېيتقان ھېكايە» ــ ئەزگۈ تىلەككە ئوقۇلغان مەدھىيە ..... ياسىنجان سادىق چوغلان 65


## شائىر ۋە ئىخلاسمەن


ھازىر جاۋاب شائىر روزى سايىت ........................ ئابدۇرەھىم ھەكىمى 68


## تاغدىن ـ باغدىن


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ........ئەلىجان تۇرسۇن قاتارلىقلارتەرجىمىسى 71


## تۇيغۇ ۋە ئەقىل


ئەقىل ئۆتەڭلىرىدە ..................... .ئېلشاد رەخىم قاتارلىقلار 76


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: گۈل. ئابلىكىم ئەمەت فوتوسى


**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى باقالىسىم

## مۇيەسسەر ئابدۇراھەت (خەندان)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا تەۋسىيە:

«گۈلىستان»دىكى تورداشلار 2009-يىل 22-مارت نەۋرۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى «ئاق ئالتۇن» رېستورانىغا بىر قانچىمىزنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ چاي بەردى. تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، شۇ ئارىدا تورداشلاردىن بىرى «خەندان» ئىمزاسىدىكى «قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى باقالىسىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، ماقالىنىڭ باشلىنىشىدا ئۇنىڭ ئوتتۇرى ۋە ئاخىرىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى قىياس قىلىپ بولۇپ، خۇددى چۆل-باياۋاندا ئابھاياتقا ئۇچراپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. سۆيۈندۈم. شۇنداق. بىزدە بۇنداق تەبىئىي-تەمتەملىق يېزىلىپ ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان ماقالىلار ئاز ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ تېمىدا. ماقالىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەرىپى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن كەچمىش، كۆز قاراش، پىكىر، ھېسسىيات، ئىرادە چىن بولۇپ، ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك. يەنە كېلىپ ئاپتور مېدىتسىنا يۆنىلىشىدە ئوقۇۋاتقان قىز. بۇ ھەقىقەتەن بىر تالانت. تالانتلىقلارنى بايقاش، قوللاش پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

ماقالە ژۇرنال تەلىپىگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغان ھالدا سىزلەرگە تەۋسىيە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

ھۆرمەت بىلەن: **بوغدا ئابدۇللا**

2009-يىل 24-مارت، شەھىرى ئۈرۈمچى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

يۇرت-يۇرتتىن نەۋرۇز ھىدى تارالغان بۈگۈن گۈلىستانىمغا كىچىككىنە بولسىمۇ سوۋغات بېرىشنى ئويلاپ قالدىم. ئىلھام قىچىپ مىسرا تىزالمىدىم. كۆرگىنىم ئاز بولغاچ «بازىرى ئىتتىك» مۇھەببەت ھېكايىلىرى توقۇيالمىدىم. پەقەت ئۆزۈم قىلالىغان، قىلىۋاتقان ئىش بىلەن كۆيۈچىلىكنى خەۋەرلەندۈرۈپ، يۇرت ۋە ئۈمىدنىڭ ھەرقاچان يېنىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئىپتىقاچى بولدۇم. ئۆزۈمنى ماختاش ئۈچۈن ئەمەس، ھەربىرىڭلارغا پايدىسى تېگىپ قالارمىكىن دەپ يېزىپ چىقتىم. ئەگەر يازمامنىڭ زەررىچە پايدىسىنى كۆرسىڭىز ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك سانىغان بولاتتىم.

ئىنتېرنېت بەتلىرىدە ھەر خىل سەۋەب تۈپەيلى يامان يوللارنى ئارىلىغان قىزلارنىڭ نالىلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. يول!!! بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ھەممىدىن كېرەكلىكى مۇشۇدەك! قىزلارمۇ پاكىز يول تاپالىغان ھەم تېپىۋاتىدۇ. چىرايىڭىزغا ئىشەنمەي ئەقلىڭىزگە ئىشىنىسىڭىز ئىقتىدار سىزدە. قېنى ئەمسە يازمامغا كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىڭ.

* * *

مېنى پۇل بىلەن ئەمەس ئىلىم بىلەن، شۆھرەت بىلەن ئەمەس ئەخلاق بىلەن، زامانىۋىلىشىش بىلەن ئەمەس ئىمان-ئېتىقاد بىلەن چوڭ بولۇشقا نىيەت قىلغان سۆيۈملۈك ئائىلەمنىڭ ئادىيلىقىدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدارمەن...

— خاتىرەمدىن

### تەقدىرىڭ — تەدبىرىڭدە

ئالىي مەكتەپ ماڭا تالاي ھېس ئاتا قىلدى. نەچچە يۈز سوم بىلەنمۇ، نەچچە مىڭ سوم بىلەنمۇ بىر ئاينى ئۆتكۈزگىلى

بولىدىغىنىنى بىلدىم؛ پارقىراق كىيىمىدىمۇ پاكىز يۈرگىلى، ياسانمايمۇ چىرايلىق كۆرۈنگىلى بولىدىغىنىنى بىلدىم. قىممەت گىرىم بۇيۇملىرى، قىممەت باھالىق كىيىملەرنىڭ پۇلىنى ئاتا- ئانامنىڭ يانچۇقىدا قويۇپ قويۇپ، ئايلاپ- ئايلاپ بازار ئايلانمايمۇ، يۇرتداشلار ئولتۇرۇشلىرى، قاۋاقخانىلاردىكى ئويۇنلاردىن يىراق يۈرۈپمۇ ياشىيالىدىم، تېخى باشقىلاردىنمۇ ياخشىراق ياشىيالىدىم. بىراق 20ياشتىن ئېشىپمۇ ئاتا- ئانامنىڭ قان- تەرىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېرىشكە يۈزۈم چىدىماي قېلىۋاتاتتى.

باشقىلارنىڭ ئاشخانىلاردا مۇلازىمەتچىلىك قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. خالىمىدىم. ياراتماي ئەمەس، مېڭەمنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق ئىشقا ئەسقاتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم؛ رېستورانلاردا، مەيخانىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ ياخشى كىرىمگە ئېرىشىۋاتقانلارنىمۇ ئاڭلىدىم. ئەمما ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم ئۆزى ساقلاپ مېنى ئۇ تەرەپتە تالانتلىق قىلىپ قويماپتىكەن؛ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى ئويلاشتىمىيۇ، ئاپامنىڭ ئەنسىرەپ قىلغان كۆز يېشى توختىتىپ قويدى. قىز بالا بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ ئاسرىشىنى كۈتمەي، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاسراشنى ئۆگىنىۋېلىشىم تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. پىسخىكا نورمالسىزلىقى كۆپىيىۋاتقان جەمئىيەتتە بىرەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ بوغۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغانمۇ بولدۇم. بېيجىڭنىڭ ماشىنىلارغا تولغان چوڭ يوللىرىدا ئېگىز بىنالارغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈمنىڭمۇ شۇنداق ئالدىراش كىشىلەر توپىنىڭ ئەزاسى بولۇشۇمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۇرس ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۆز تىلىدا ئۆز ئىنى- سىڭىللىرىغا دەرس سۆزلەش قانچە شېرىن! شۇنداق قىلىپ ئۆگەنگەنلىرىمنى لازىملارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۇرس ئاچتىم. جاپايىمغا تۇشلۇق بالىلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشچانلىقى مېنى بۇ كەسىپكە باغلىۋالدى. بىرەر يىلدەك داۋاملاشقان ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش كۇرسىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك تەجرىبىگە ئىگە بولدۇم. ئىلگىرى مۇنتىزىم تەربىيىلەش مەكتەپلىرىگە ئۆزۈم قاتنىشىپ دەرس ئاڭلاپ باققان بولسام، ئەمدى دەرس ئۆتۈپ بېقىشنى ئويلىدىم.

ئىنتېرتورى دۇنياسى ھەقىقەتەنمۇ قولايلىق مەنبە ئىكەن. توردىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئاساسىدا تەرجىمىھالىمنى يېزىپ چىقىپ، خىزمەت ئۈچۈرى توردىن مۇۋاپىق كۆرگەن تەربىيىلەش مەركەزلىرىگە ئەۋەتتىم. شۇنداق قىلىپ كۈتۈش باشلاندى. دەسلەپ پەقەت سىناپ بېقىش ئۈچۈن دەپ ئويلىغاچقىمىكىن، شىنجاڭدىن كەلگەن، كەسپى مېدىتسىنا بولغان (چەت ئەل تىلى بولمىغان)، تېخى مەكتەپ پۈتتۈرمىگەن مەندەك ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئالىدىغان بىرەر ئورۇننىڭ بار ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ھېچقانداق ئورۇننىڭ شەرتىگە توغرا كەلمەيتتىم: «چەت ئەل تىللىرى كەسپىدە ئوقۇغان، تولۇق كۇرستىن يۇقىرى دىپلومى بار، ئىنگلىز تىلى بويىچە 8- دەرىجە ئىسپاتى بار بولۇش» دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەھۋالىمغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز خېلىلا نامى بار بىر تەربىيىلەش مەركىزىدىن يۈز تۇرانە ئىمتىھانغا قاتنىشىش تېلېفونىنى قوبۇل قىلدىم. شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. ئالدىراپ تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتىم. ساۋاقداشلاردىن يۈزتۇرانە ئىمتىھاندا رەسمىي سورۇنلاردا كىيىدىغان ياقىلىق كۆڭلەك دېگەندەك كىيىملەرنى كىيىش كېرەك دەپ ئاڭلىغان، ئەمما مەندە ئۇنداق كىيىملەر يوق ئىدى. ئۆرە ياقا كىيىم كىيىۋاتقاچقا ئۇنداق كىيىشمۇ ئەپلەشمەيتتى. ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، ياغلىقىمنى كەينىمدىن ئوراپ ئاددىي بىر قۇر كىيىمىم بىلەن باردىم. باردىمۇ، تەمتىرەپ قالدىم. كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىنگلىز تىلى ماگىستىرلىرى، ياقىلىق ئاق كۆڭلەك، كاستۇم كىيگەنلەر. قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان بولساممۇ يەنىلا قىزىققان كۆڭلۈم سىناپ بېقىشتا چىڭ تۇردى.

مەندە تەجرىبە بار ئىدى، باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئاھاڭ - تەلەپپۇز بار ئىدى. شۇڭىمۇ ئالدىنقى بىرنەچچىسىنىڭ سىناق دەرسىدىكى دۇدۇقلاپ سۆزلەشلىرى، خەنزۇچە تېپتىكى ئىنگلىز تىلى ئاھاڭى قايتىدىن ئۆزۈمگە ئىشەنچ بەردى. مۇنبەرگە چىقتىم. قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن، ئۆزۈمگە ياد بوپكەتكەن «يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلى 2- قىسىم»دىكى بىر دەرسنى تاللاپ ئۆتۈپ بەردىم.

ئەنە شۇ ماگىستىرلار، ئەنە شۇ نەچچە گۇۋاھنامىسى بارلار«خەۋىرىمىزنى كۈتۈڭ»دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەن بولسا، مەن« ئىستىقباللىق ئوقۇتقۇچى ئىكەنسىز، 2- قېتىملىق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىڭ» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتتىم. شۇندىلا بىلدىمكى، ئۇنۋان مائارىپى ئەسلى بىزگە پەقەت «گۇۋاھنامە» دەپ يېزىلغان بىر ۋاراق قۇرۇق قەغەزنىلا بېرىدىكەن. ھاياجاندىن تېلېفوننى ئۆينىڭ نومۇرىغا باستىم...

ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق ئىمتىھانلارنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، چەت ئەللەرنى كۆرۈپ باقمىغان مەن، چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر سەپكە قېتىلدىم. شۇ يىلى مەن ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا يەنە ئىككى يىل بار ئىدى. شۇڭىمۇ پەقەت شەنبە، يەكشەنبە، بەزىدە كەچلىرى دەرس ئۆتتۈم.

ئادەتتە تەربىيىلەش مەركەزلىرى بېرىدىغان مائاشنى سائەت بويىچە ھېسابلايدىغان بولغاچقا، ئۆز قىممىتىمنى، ھەربىر سائەت ۋاقتىمنىڭ قەدرىنى بىلگەندەك بولدۇم. تەتىللەردە تەكلىپ بىلەن مۇقىم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، دەرسلىك تۈزدۈم. ھەر خىل

ئىمتىھاننىڭ تەربىيىلەش يۆنىلىشىنى بېكىتتىم، نۇرغۇن زۆرۈر نەرسىنى ئۆگەندىم.

ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلىم كەلدى. پەقەت ھەپتىدە ئۈچ سائەت ئىشلەيمەن. بىر ئايدا 1000سومدىن كۆپ مائاش ئالىمەن. دادامنىڭ دېگىنى بويىچە «تالاي ئادەم ھەر كۈنى سەككىز سائەت ئىشلەپمۇ شۇنچىلىك مائاش ئالالمايدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭ، ئاتا-ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەم شۇنداق تەلەيلىك بولىدۇ.» ئاللاھقا مىڭلارچە شۈكۈر، ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقالايدىغان قىلىپ قويغىنىغا، شۇنداق ئامەت ۋە پۇرسەتنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغىنىغا.

## مۇقەددىمە ئورنىدا:

خىزمەتداشلىرىم: « تىلىڭىدا شىنجاڭ ئاھاڭى يوقكەن، كاۋاپچىلاردەك گەپ قىلمايدىكەنسەن» دېگەندە، «بۇ شەھەردە شۇنچە كۆپ ئىشلەمچى ئىنگلىز تىلىنى بىلىش تۈگۈل تېخى ئۆز ئانا تىلىنى ئۆلچەملىك سۆزلىيەلمەيۋاتقان يەردە، سىلەر دەۋاتقان كاۋاپچىلار ھېلىمۇ ئۆزگە تىلدا مەقسىتىنى بىر ئوبدان ئۇقتۇرۇپ ئۆز سودىسىنى بىمالال قىلىۋاتىدۇ ئەنە» دەيمەنۇ، ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. شىنجاڭلىق دېسە كاۋاپچى دەپلا ئويلايدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم بويىچە بولغاندا بىزگە يەنە «ئوغرى»، «پاھىشە»... دېگەن ناملارمۇ قېتىلىپتۇ. كاۋاپچىلىقمۇ پاكىز كەسىپ ئىدى، ئەمدى ئۇ گەپنىڭ كەينىدىن پەيدا بولغانلىرى ...

ھېچنېمە دېمەيمەن، دېيەلمەيمەن. ئاچچىق بىلەن سۆزلىمەي، ئاچچىق بىلەن ئۆگىنىڭ، تىرىشىڭ، شۇندىلا ئۆزىڭىزنىڭ نامىنى چىرايلىق قىلالايسىز. كىچىككىنە خىياللىرىمنى، ئازغىنە كۆرگەنلىرىمنى سىزگە تۆككۈم كەلدى. ھەربىر قىزىقىشىمغا بىزنىڭ قىڭغىر يوللاردىلا ئەمەس، داغدام يوللاردىمۇ ماڭالايدىغىنىمىزنى بىلدۈرگۈم كەلدى...

---

* تەۋسىيە قىلغۇچى: ئاتاقلىق شائىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسسورى.

ئاپتور: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا بۆلۈمى 2004-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

# ئىلىم-مەرىپەتنىڭ خاسىيىتى، نادانلىق ۋە جاھىللىقنىڭ بالايىئاپىتى توغرىسىدا ئەلىشىر نەۋائىي

ساخاۋىتى يوق باي كىشى يامغۇرى يوق بۇلۇتقا، ئىلمىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئالىم ئۈستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ.

* * *

ئىلىم ئوقۇپ ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ ئىشى يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا، ياكى يەرگە ئۇرۇق سېلىپ ھوسۇل ئالمىغانغا ئوخشاش.

* * *

گادايىنىڭ پەرزەنتى بولسىمۇ ئىلىملىك بولسا، ئېسىلزادىلەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ. ھەتتا دۆلەت ئەربابلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. ئېسىلزادە بولسىمۇ، ئىلىم شارابىدىن مەھرۇم بولۇپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىسا، ئۇنداق كىشى خالايىق نەزىرىدە يارامسىز ۋە كۆزگە ئىلىنماس ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

* * *

مال-دۇنياسى كۆپ نادانىنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشى، ئالتۇنرەڭ چىۋىننىڭ نىجاسەتكە قونۇشى بىلەن ئوخشاشتۇر.

* * *

نادان، زالىم كىشى بىلەن بىرداستىخاندا ھەمتاۋاق بولما. چۈنكى، ئىت ئىنسان بىلەن ھەمتاۋاق بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. ناچار ، نادان ئادەملەرنى ئۆزۈڭگە سىرداش دوست تۇتما. چۈنكى، ئېشەك ئادەم بىلەن دوست بولۇشقا لايىق ئەمەس.

كىشى ئەگەر دانالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسا، دانالاردا نېمە ئەيىب بولسۇن؟

* * *

قىلىش لازىم بولغان ئىشنى ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ئۆز ۋاقتىدىن بىر دەقىقىمۇ كېچىكتۈرمە.

* * *

نادانلىق بىلەن تولغان ئەلدە ھاقارەت ۋە تۆھمەتتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا دانالارمۇ خەلق ئالدىدا خىجالەت ۋە خورلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ.

* * *

قەلەم ئەھلى ئەگەر پۇقرالارغا زۇلۇم قىلىش يولىدا قەلەم تەۋرىتىدىكەن، قوللىرى بەئەينى قەلەمچىلەردەك كېسىلىپ كەتكەي.

* * *

كىشى ئىلىم تەھسىل قىلىشتا مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ

* * *

كىمكى ئىلىم-مەرىپەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ يەككە-يېگانىسى بولسىمۇ ، نادان ۋە جاھىللارغا قارشى كۈرەش قىلمايدىكەن ، ئۇنداق بىلىمدانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

---

تەييارلىغۇچى: يەكەن ناھىيە بازىرى«ئىزباسار»ئۇيغۇر تىبابىتى دوكىنىدىن پەيزۇللاخان ئىسھاقجان(ئۆزبېك) (M2)



# بۈگۈنمۇ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسىز

قاۋۇل ساۋۇر

ھاياتلىق يولىدا ئۆمۈر بويى تىنىمسىز مېھنەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىنسان بالىسى ئەزەلدىن «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا، خوسۇسەن بىزنىڭ تىلىمىزدىمۇ «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش» دېگەن ئىبارە يوق ئىدى. ئەقلىگە سىغمايدىغان رېئاللىق ئەقلىگە سىغمايدىغان سۆز- ئىبارىلەرنى تۇغۇپ تۇرىدىكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئون يىل داۋام قىلغان ئىچكى مالىمانچىلىق جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ئېڭىغا «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت مەنىۋى ئاسارەتنى يالداما قىلىش بىلەن بىرگە، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت تىللىرىغىمۇ «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش» دېگەن مەنتىقسىز ئىبارىنى قالدۇرۇپ كەتتى. 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش ئۈچۈن تاغ- يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار» 70- 80- يىللاردا «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خېلى ئۇزاققىچە «ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچى»لارنىڭ قويرۇقى ئۈزۈلمەي، ھۆكۈمەت غايەت ئېغىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىغا دۇچار بولدى. ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇچقاندەك يۈكسىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، خوسۇسىيلار كارخانىلىرى جوش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدەك، ئىشقا ئورۇنلىنىش يوللىرى بارغانسېرى كېڭەيگەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى تەدرىجىي يەڭگىللىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت جاھىل روھىي ئاسارەت ئالىي مەكتەپلەر، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن سان- ساناقسىز بىلىم ئىگىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئالداپ، ئەقىل- پاراسىتىنى يالماپ، قىممەتلىك ياشلىق ھاياتىنى بىھۇدە زايە قىلماقتا. بۇ، ئاتا- ئانىلارنىمۇ، ھۆكۈمەتنىمۇ باش قېتىنچىلىققا سېلىۋاتقان زور ئىجتىمائىي مەسىلە.

ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش» ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈش بولۇپ، ئۇنىڭ تەلمۈرۈش نۇقتىسى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارنىڭ بوسۇغۇسىدىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، بىر دۆلەت، بىر رايون، بىر ناھىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارنىڭ قوبۇللاش كۈچى ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. ھەر كۈنى چۈش ۋە كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندە بارلىق چوڭ- كىچىك شەھەر ۋە ناھىيە، يېزا، كەنت مەركەزلىرىدىكى كوچىلاردا شىددەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئېقىمى پەيدا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەيدانلىرىمۇ دەرستىن چۈشكەن ستۇدېنتلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. ھەممىلا يەر ئوقۇغۇچىلار يامرىغان، پۈتكۈل ئاھالە قىستاڭچىلىق ئىچىدە قېلىپ ئوقۇغۇچىلار توپىغا يول بوشىتىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي خادىملارغا ئايلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنمۇ ھەرقانداق ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنىڭ ھاجىتى يوق.

www.uyghurkitap.com

مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا تىكلىپ تۇرغان زىيالىيلارنى دېگىزغا ئوخشاتساق، مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارنى يىراق ـ يىراقلاردا چوقچىيىپ تۇرغان تاقىم ئاراللارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. پايانسىز دېگىزنى ئاشۇ ئۇششاق ئاراللار قانداقمۇ سىغدۇرالىسۇن؟ تاقىم ئاراللىرىنى دېگىزغا غەرق قىلىۋېتىش دېگىز ئېكولوگىيىسىنى بۇزغاندەك، ئوقۇغانلىكى ئادەمنى مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارغا سەپلەش جەمئىيەت ئېكولوگىيىسىنى بۇزىدۇ، ھەتتاكى بۇنداق جەمئىيەتنى قىياس قىلىش بىمەنىلىك. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قايسىبىر فورماتسىيىسى بولسۇن، ئورتاق ماددىي شارائىت ئاستىدىكى تۆرلۈك قاتلام، تۆرلۈك ساھە، تۆرلۈك كەسىپنىڭ ئىجتىمائىي ھەمكارلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. دېھقانچىلىق بولمىسا، جەمئىيەت ھاياتلىق كاپالىتىدىن ئايرىلىدۇ؛ سانائەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بولمىسا، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ؛ پەن ـ مائارىپ بولمىسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلالمايدۇ؛ سەھىيە ۋە تىبابەتچىلىك بولمىسا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساغلاملىقى كېپىلسىز قالىدۇ، ۋەھاكازالار. كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، ھەرخىل خاراكتېردىكى ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلار، جۈملىدىن خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئورنى ۋە رولىغا گەپ سىغمايدۇ. قىسقىسى، ئاشۇ ساھە ۋە تارماقلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم كېرەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى زامانىۋى ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق ئىختىساسلىقلار كېرەك. سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ مەقسىتى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئالىي مەكتەپ، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن زىيالىيلار دەل ئاشۇ مەقسەتتە تەربىيىلەنگەن مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەر ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ «كادىرلىق»قىلا تىكىلىپ تۇرۇۋېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

«ئىش كۈتۈپ تۇرۇش» ھادىسىسى گەرچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاسارىتى بولىسمۇ، لېكىن چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مەنبەگە ئىگە ئىدى. مەشھۇر قانۇنچى خەن فېي «بەش مىتە» ناملىق ئەسىرىدە: «ھازىرقى ۋاقىتتا ئىلىم ـ بىلىمنى تەتقىق قىلسا ۋە سۆزلەشنى مەشىق قىلسا تىرىقچىلىقنىڭ مۇشەققىتىنى تارتماستىنلا باي ـ باياشات بولۇپ، مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدىغان، جەڭلەرنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىنى كۆرمەستىنلا ئەزىز بولۇپ شان ـ شەرەپ قازىنالايدىغان بوپقېلىۋاتسا، بۇنداق قىلىشنى كىم خالىمىسۇن؟ شۇ سەۋەبتىن يۈز ئادەم پۈتۈنلەي ئەنە شۇنداق ئەقلىي كۈچ سەرپ قىلىنىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان يەردە، ئادەملەرنىڭ پەقەت بىرەرسىلا جىسمانىي ئەمگەك قىلىشقا ئۇنايدىغان بوپقالىدۇ» («بەش مىتە تيەنجۇغا سوئال»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1974 ـ يىل نەشرى، 28 ـ بەت) دەپ ھەسرەت چەككەن. دېمەك جىسمانىي ئەمگەكتىن ئەقلىي ئەمگەكنى، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشتىن ئادەم باشقۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىش جۇڭگونىڭ مىلادىدىن ئۈچ ـ تۆت ئەسىر ئىلگىرىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىمۇ تالىبۇلئىلىملەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشى بوپقالغان. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى باگۇ قائىدىلىرىنى مىزان قىلغان مەنسەپ ئىمتىھانى ھەتتا ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇزۇن چېچىنى تورۇسقا باغلاپ قويۇپ كىتاب ئوقۇشتەك مەنسەپپەرەسلىككە تۈرتكە بولغان. بۇنى فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ ساقىندىسى بولغان «ئوقۇپ مەنسەپدار بولۇش نەزەرىيىسى»نىڭ تارىخىي يىلتىزى دېيىشكە بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو مەدەنىيەتتە ئاق، ئىقتىسادتا قالاق بولغان يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق جەمئىيەت خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك مائارىپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىۋاتقاندا، كومپارتىيە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كىرىشتى ۋە ئارقىدىنلا سوتسىيالىزمغا قەدەم قويدى. بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك بولغان ئىختىساسلىق تايانچىلارنى تەربىيىلەشكە ئۈلگۈرەلمىدى. نەتىجىدە يەر ئىسلاھاتى، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، كوپېراتسىيىلىشىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردە سىنىپىي ئېڭى يۇقىرى، سىياسىي جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولغان ئاكتىپلار ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي تارماقلارغا رەھبەر ۋە كادىر قىلىپ تاللاندى. گەرچە سىنىپىي تەركىب ۋە سىياسىي جەڭگىۋارلىق شەرتلىرى ئاستىدا خەت تونۇيدىغانلارغا ئالدىن ئېتىبار قىلىنسىمۇ، لېكىن ئەينى شارائىتتا ئۇلارنىڭ تولىسى ساۋاتسىز كىشىلەر ئىدى. رايونىمىز يېزىلىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى قوشۇنىدا ئوقۇتقۇچىلاردىن باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەرنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېھتىياجنى

قامدىيالمايتتى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، بۇ «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب» باشلانغان 1966 - يىلىدىن «ئىنقىلاب» سەل بېسىقىغا چۈشكەن 1971 - يىلىغىچە، ئالىي مەكتەپلەر تاقىلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ياكى چالا - بۇلا پۈتتۈرگەنلەر «چېنىقىش نۇقتىلىرى» دا ياكى ئۆز يېزىلىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇردى ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئىش كۈتۈپ تۇرۇش» گۇۋاھنامىلىرىنى كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىشتى. نىھايەت، ئەسلىدە ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلارغا ئېھتىياجلىق ئورگانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوتتۇرا مەكتەپ «زىيالىي»سى بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇلارنى ئوقۇتقان ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەرەپبازلىق ۋە «چوڭ تەنقىت »، «چوڭ مۇنازىرە» نىڭ قاينىمىغا ئايلانغان، ئۇلار ئوقۇغان دەرسلىكلەرمۇ خالىغانچە «ئىسلاھ » قىلىنىپ، ئىلمىيلىكى ۋە سىستېمىلىقى بۇزۇلغان «دەرسلىك»لەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىردىنلا مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارنى قاپلاپ كېتىشى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور ئىككى مۇشكۈلات ئېلىپ كەلدى: بىرى، جەمئىيىتىمىز ئالىي مائارىپ پالەچلەنمىگەن شارائىتتا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان ئونىۋېرسال ساپادىن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە مەھرۇم قالدى؛ يەنە بىرى، مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارنى 30 يىل ئۆپچۆرىسىدە تويۇندۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى چەكلەپ قويدى. گەرچە، نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش دەۋرىدە كادىر بولغان بىرىنچى ئەۋلاد تايانچلار ئاللىقاچان ئورۇن بوشاتقان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن، «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى»دە كادىر بولغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئاكتىپلار دەم ئېلىشقا چىققان، ئوتتۇرا مەكتەپ «زىيالىي»لىرى ئاساسىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد كادىرلار ئارامغا چىققان ۋە چىقىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق كادىرلار شتاتى ئۇدۇللۇق تولۇقلىنىپ تۇرغانلىقتىن، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ستۇدېنتلارنى مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلار سىغدۇرۇپ كېتىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنى مەلۇم مەنىدىن «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» ئالىي مەكتەپلەرنى تاقاش ھادىسىسىدىن كېلىپ چىققان يىغىندى كرىزىس دېيىشكە بولىدۇ.

مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى كادىرلىقنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، پارىخورلار ۋە كاززاپ ۋاستىچىلارنى يامرىتىۋەتتى. پەرزەنتلەرنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئېغىر رىيازەت چەككەن نۇرغۇن ئاتا - ئانىنىڭ ئاخىرقى يىلىكىنىمۇ قۇرۇتتى. تېخىمۇ يامىنى، ئىنسانىي غۇرۇرنى سۇندۇرۇپ، كىشىلىك ئەخلاق ھاۋاسىنى بۇلغاپ، كادىرلىق تەمەسىدە ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدىغان، يىغلايدىغان يەردىمۇ زورۇقۇپ ھىجىيىدىغان خورلۇق، ھاقارەت، كەمسىتىشلەرگە پەسەنت قىلمايدىغان روھىي قۇللۇقنى ئۇزۇقلاندۇردى.

ئادەملىرىمىزنىڭ بۇ تۇيۇق يولدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈشىدىكى ماھىيەتلىك سەۋەب بىرلا، ئۇ بولسىمۇ رېئال ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماھىيىتىگە يەتمەي ئۆزىنى ۋە ئۆز ئەھۋالىمىزنى قاتمال كۆز قاراش بىلەن پەردازلاپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا قەدەر تاشيول، تۆمۈر يول، نېفىت ، كۆمۈر كان قاتارلىق تارماقلار ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلىرىنى غايەت كۆپ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. جۈملىدىن، بىزنىڭ كىچىككىنە كەنتىمىزدىنلا ئىككى ئادەم قاراماي نېفىتلىكىگە ئىشچى بولغان، تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر پويىز شوپۇرى بەردى ھەسەن ئاكىمۇ ناھىيىمىزنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يۇقىرىقى تارماقلارنىڭ تولىسى چوڭ شىركەت - گۇرۇھلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچى مەنبەسىمۇ يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، مائارىپ ئىختىساسلىقلارغا ئېھتىياجلىق بولغان كەڭ ساھە ئىدى. بۇ بىر نەچچە يىلدا «قوش تىل» مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان «قوش تىل» تەلىپىنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، بۇ قەلئەنىڭ پەلەمپىيىمۇ بىر تال ھاسا بىلەن چىققىلى بولمىغۇدەك ئېگىزلەپ قالدى. بىر كىشىلىك مەمۇرىي ۋەزىپە ئۈچۈن نەچچە ئون ئادەم ئىمتىھان جېڭىگە چۈشۈپ قەلەم تۇتۇپ قىلىچلىشىدىغان، مەمۇرىيەتكە كەلسەك، كۆپ ھالدا پەۋقۇلئاددە بىر شەرتلەرنى ھازىرلىمىساڭ يازما ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، يۈز تۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسەن، ئۆز بىلىمىڭگە ھەرقانچە ئىشەنچ قىلغىنىڭ بىلەن، بۇ خىل قوش قەۋەت ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانىنى سىنايدىغان جەڭگاھ ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ قالىسەن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ نەزىرىنى كىچىككىنە بىر توچكىغىلا تىكىۋالغان كىشىلەر ئايىغىدا سوزۇلۇپ ياتقان چىقىش يوللىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ، كېلەر قېتىملىق ئىمتىھانغا تىرىشىپ باقىدۇ. ئۆتەلمىسە يەنە بىر ئىمتىھانغا تىرمىشىپ باقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىللار ئۆتىدۇ، پۇرسەتلەر كېتىدۇ. نامراتلىشىدۇكى، ئالغا باسمايدۇ. ئەكسىچە، نەزەر

دائىرىسى كەڭ، رېئال ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەكتىگە يەتكەن، پۇرسەت ئېگى كۈچلۈك، يىراقنى كۆرەر ستۇدېنتلار ئۆزلىرىدىكى بىلىم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپالىق ئەجىر بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ ھەقتىكى ئۈلگىلىك مىساللار گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردىلا ئەمەس، بەلكى يېنىمىزدىلا چاقناپ تۇرۇپتۇ. بىز ئۇلاردىن يېڭى دەۋر ستۇدېنتلىرىنىڭ ھەقىقىي بايراقدارلىرى سۈپىتىدە پەخىرلىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېگىز ئوقۇردىن يەم تەمە قىلماي، ھەتتا كىچىك كارخانىلاردىمۇ جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلەپ، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان ستۇدېنتلارمۇ بىز ئۈچۈن ئوخشاشلا پەخىرلىك. چۈنكى ئۇلارمۇ دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشى، تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ يۈزلىنىشىنى بالدۇر بايقاپ، بالدۇر ئويغانغان كىشىلەردۇر.

ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك جەريان. بۇنىڭغا سەرمايە، چىچەنلىك، تەۋەككۈلچىلىك ۋە چىدامچانلىق كېتىدۇ. ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلاي دەپ قالغان غورىگىل ئائىلىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنى قەرز قايتۇرۇش، قېرى ياكى كېسەلچان ئاتا ـ ئانىسىغا قاراش، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش قاتارلىق بىر تالاي تەقەززالىق قورشىۋالىدۇ. بۇ ھالدا ئۇلار ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا ئۆزلىرىگە چىقىش يولى ئاتا قىلىدىغان بىرەر مۆجىزىنى كۈتىدۇ. بۇ مۆجىزە دەل دۆلەتنىڭ ئۆسۈمسىز ياكى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز مېخانىزمىدۇر. ئۇلار بۇ مۆجىزىنى كۈتۈشكە تامامەن ھەقلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇنداق مېخانىزم يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. سەرمايە مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن چىچەنلىك ۋە چىدامچانلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان تەۋەككۈلچىلىك روھى ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى بوپقالىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا ئىگىلىك تىكلەشنىڭ تالاي يولى كۆمۈلۈپ ياتماقتا. مەسىلە، بىزنىڭ ئۇنى بايقاش ـ بايقىيالماسلىقىمىزغا باغلىق. بايقىغانىكەنمىز، «ياپسام پىشارمىكىن، كۆمسەم پىشارمىكىن» دەپ بىقارار بولماي، قەتئىي شىجائەت بىلەن ئىشقا كىرىشىشىمىز كېرەك. «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن كىتابتىكى «ئەندەلىسلىك دېھقاننىڭ ھېكايىسى» تولىمۇ قايىل قىلارلىق ھالدا مۇنداق تۈگەللەنگەن: «بىر كۈنلۈك كەسىپنىڭ نەتىجىسى ئون تەڭگە»، «بىر كۈنلۈك ئەقلىنىڭ ھوسۇلى مىڭ تەڭگە»، «دەل ۋاقتىدا قىلىنغان بىر تەۋەككۈلچىلىكنىڭ سەمەرىسى پادىشاھلىق تەختىگە باراۋەر». رېئاللاشمىغان ئەقىل ـ بىلىمنى گازارمىدىن چىقارماي باققان ئەسكەرگە ئوخشاتساق، ئەقىل ۋە بىلىم ئاساسىدا پارتلىغان تەۋەككۈلچىلىكنى جەڭگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتكە ئايلانمىغان ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ جەڭ قىلماي قېرىپ كەتكەن ئەسكەردىن پەرقى بولمايدۇ.

سودىغا يامانلىق بىلەن «جۇڭگونىڭ يەھۇدىيلىرى» دەپ ئاتالغان (مەسئۇل مۇھەررىردىن)، باللىرىنى«ياخشى ئوقۇمساڭ كادىر بوپقالىسەن» دەپ قورقىتىدىغان ۋېنجۇلۇقلار پۈتكۈل جۇڭگونى قاپلىغان كارخانا ئىگىلىرىگە ئايلاندى. بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى «ياخشى ئوقۇپ كادىر بولۇش» قا قىزىقتۇرىدىغان ئائىلە مائارىپىمىز بولسا ئالىي مەكتەپتىن چىقىپلا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئېغەك يۆلەپ ئولتۇرىدىغان بىچارە ئەۋلادلارنى يېتىشتۈردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ تىجارەت دېگەنلەر تەر ئاققۇزماي سېرىقتال كۆن ئۆتكۈزىدىغان كادىرلىقنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. قول شىلتىپ ئادەم باشقۇرىدىغان مەنسەپدارلىق بولسا تېخىمۇ تەڭداشسىز مەنزىل ئىدى. مانا بۇ، نۆۋەتتە ئەۋلادلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىشسىزلىق كرىزىسىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەنبەسى. ئەگەر ئائىلە ۋە مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئادەم تەربىيىلەش مەۋقەسىدە ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگىرىش بولمايدىكەن، كەلگۈسىدە بىز دۇچ كېلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ ۋە ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

سىز بۇگۈنمۇ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسىز؟ تا مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ تونۇماي مەڭدەپ يۈرگەنلەرگە بۇ سوئال غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۆز ئەھۋالىنى چۈشەنگەن سەگەك كىشىلەر بۇ سوئال ئۆز ئىچىگە ئالغان جاۋابنىڭ ۋەزنىنى بىر قاراپلا بايقىۋالالايدۇ.

---

ئاپتور: شائىر، قاغىلىق ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى (M3)،(M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

www.uyghurkitap.com




2008 ـ يىلى ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 2008 ـ يىلنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل شانلىق تۆھپىسىنى ئورتاق قوغدايدىغان دۇنياۋى نادىر مىراسلار قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇ ئەھمىيەتلىك خۇشخەۋەر يالغۇز مەھمۇد ۋەتىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى. ئالدى بىلەن ئالىمنىڭ يۈرەك قېنىدىن پۈتۈلگەن، «يېڭىلىقلار بىرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتكەن»[1] دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئېنسىكلوپېدىك بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ يېگانە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىق ئارقىلىق ئالىمنىڭ شان ـ شەرىپىنى تۇنجى قېتىم دۇنياغا تونۇتقان تۈركىيە ئىلىمگەرلىرى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» شەرىپىگە ئارقا ـ ئارقىدىن بەش قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى ئۆيۈشتۇرۇپ، داغدۇغىلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق «دىۋان» تەتقىقاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا، ئالىمنىڭ يۇرتى قەشقەردە، ئۈرۈمچىدە، جۈملىدىن 2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قازاقىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد مەركىزى ئالمۇتا شەھىرىدە مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلانغان خەلقئارالىق ياكى رايون كۆلەملىك ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنلىرى

پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى

ئۆتكۈزۈلۈپ، «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» چوڭ كۆلەملىك تەنتەنە قىلىندى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدا، كۆپ خىل تىلدا ئالىمنىڭ شەنىگە بېغىشلانغان كۆپلىگەن نادىر ئەسەر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىسى يېزىلىپ، ئىلىم گۈلىستانى يېڭى گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزەلدى.

مەن ئادەتتە ئانچە زىيارەت تەسىراتى يېزىپ كەتمەيتتىم. ئەمما «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»دا مەن شاھىت بولغان خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئىچىدە قازاقىستاندا ئۇيۇشتۇرۇلغان «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسىغا قوشقان تۆھپىسى» تېمىسىدىكى خەلقئارا ئىلىم ئەنجۇمەنى مەندە ئۆزگىچە يېڭى تەسىرات قوزغىغاچقا، ھاسىلاتىنى تۇغۇلغان ھېسلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىش يولىنى تاللىدىم.

2008 ـ يىلى 18 ـ دېكابىردىن 21 ـ دېكابىرغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بىلەن ئالمۇتا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە خەلقئارا ئىلىم ئەنجۇمەنى ئېچىلدى. ساھىبخانا تەرەپنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەتتە كىشىلىك ئىلىم دېلېگاتسىيىسى تەشكىللەپ، بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي پائالىيەتكە قاتنىشىشنى تەستىقلىدى. بۇ ئۆمەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۆمەك باشلىقلىقىغا جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندى تەيىنلەندى. بىز ئەتراپلىق تەييارلىقلار ئاساسىدا 17 ـ دېكابىر چۈشتىن كېيىن ئالمۇتىغا يۈرۈپ كەتتۇق. بىز ئولتۇرغان جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئايروپىلانى ئالمۇتا ئايروپورتىغا قونۇش بىلەن تەڭ ئايروپورت زالىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئەھمەتجان بەكرىم ئوغلى شاردىنىۋ، ئالمۇتا ئوبلاستلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پەرھات تىيىپ ئوغلى ھاسانوۋ، «مەركەز» قارىمىقىدىكى «ئالىملار كېڭىشى»نىڭ رەئىسى، گېئولوگىيە ـ مىنېرالوگىيە پەنلىرىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېۋ ھەمدە «مەركەز» قارىمىقىدىكى ھەرقايسى كېڭەشنىڭ باشلىقلىرى قاتارلىق نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققان سەپنىڭ ئالدىدا ئىككى خىزمەتچى قىز رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە «مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» دەپ ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلگەن پلاكاتنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىز ئۇلارغا يات ئەمەس، شۇڭا ھېچقانداق تەكەللۇپ ـ تەسەننۇسىز قارشى ئالغۇچىلار سېپىگە سىڭىشىپ كەتتۇق.

بىز ساھىبخانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېھمانسارايغا يۈرۈپ كەتتۇق.

ــ سىلەرنىڭ دىيارىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭلار بىلەن شەھىرىمىزگە تۇنجى قار ياغدى،ــ دېدى يول باشلىغۇچى ئەھمەتجان ئەپەندى سىرتتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنى كۆرسىتىپ.

ــ شۇنداق. بۇ، ئەزىز مېھمانلىرىمىزنىڭ ئايىغى ياراشقانلىقىنىڭ بەلگىسى دېگىنە ئۇكا،ــ دەپ سۆز باشلىدى خۇشچاقچاق ئالىم ئابدۇلئەزىز ئەپەندى،ــ مەن بۇ يىل نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى «مەركەز»نىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەھمۇد كاشغەريي يۇبىلېيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن شىنجاڭغا سەپەر قىلغىنىمدا ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىمۇ تۇنجى قار ياغقانىكەن. مانا بۈگۈن تەبىئەت سىلەرنىمۇ ئاق يوللۇق قىلدى. بۇنداق ئوخشاشلىقنى ئاللاھنىڭ نېئمىتى، بوۋىمىز مەھمۇدنىڭ كارامىتى دېيىش كېرەك.

ــ ئۇلۇغلىرىمىزنى ئەسلەش يولىدا بېسىلغان قەدەملەر ھامان خەيرلىك، قۇتلۇق بولىدۇ ـ دە،ــ دېدىم مەنمۇ سۆز قىستۇرۇپ.

ھەربىرىمىزگە يىغىننىڭ كۆنتەرتىپلىرى، تۆت كۈنلۈك (18 ـ دېكابىردىن 21 ـ دېكابىرغىچە) كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ قوللانمىسى، مۇھاكىمىدە ئوقۇلىدىغان ماقالىلەرنىڭ تىزىسى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە ئىزنىكى، يىغىننىڭ بويۇنغا ئېسىۋالىدىغان ۋەكىللىك سالاھىيەتنامىسى ھەمدە «مەھمۇد كاشغەريي يىلى»غا بېغىشلاپ چىقىرىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە مەخسۇس ژۇرنال ـ گېزىتلەر تارقىتىپ بېرىلدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن بىزنى كەچلىك تاماق ئۈچۈن بەلگىلەنگەن رېستورانغا ئېلىپ باردى.

2000 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئالمۇتىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېچىلغان پەقەت بىرلا رېستوران بار ئىدى، ھازىر كۆپىيىپ 17گە يېتىپتۇ. بۇ رېستورانلار ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، مېھمانلار ئازادىلىك ھېس قىلىدىكەن. مۇلازىملار سىلىق ـ سىپايە ۋە مەدەنىي بولۇپ، مۇلازىمەت جەھەتتە بىزدىكى بەش يۇلتۇزلۇق رېستورانلارنىڭ مۇلازىمىتىدىن قېلىشمايدىكەن. قىسقىسى، ئالمۇتىدىكى بۇ ئۇيغۇر رېستورانلىرى قويۇق مىللىي مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە ئىكەن. بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بۇ «قەشقەر» رېستورانى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارام قۇرۇلمىسى شەكلىدە بېزەلگەن بولۇپ، تامدىكى تاكچىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت تىپىك ئاسارىئەتىقىلەر تىزىلغان، ئوڭ تەرەپتىكى سۇنئىي ياسالغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كىچىكرەك سەھنە راسلانغان، سول تەرەپتىكى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا نەقىشلىك كارىۋات قويۇلۇپ، ئۈستىگە گىلەم ۋە ھەمزەك كۆرپە سېلىنغان. رېستوراننىڭ ئىچى گوياكى بىر مەدەنىيەت مۇزېيىغا ئوخشايتتى. بىز ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن رېستوراننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چوڭ شىرەنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدۇق. بۇ تاماق سورۇنىدا بىزدىن باشقا يەنە تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ بار ئىكەن. تاماقلانغاچ ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش ـ تونۇشۇشلار باشلاندى. تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندى ئۆمىكىمىز تەركىبىدىكى ئەزالارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى:

ــ بۇ مېھمان شياۋجۇڭيى ئەپەندىم، خەنزۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى. ئۇ، ئۇلۇغ ئالىم، بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى...

ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى تۈگىمەي تۇرۇپ ھەممەيلەن گۈلدۇراس ئالقىش ياڭراتتى. شىرە ئەتراپىدىكىلەر ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇشۇپ شياۋجۇڭيى ئەپەندىنى قۇچاقلاپ، چوڭقۇر ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى.

ــ مۇقەددەس «دىۋان»نى ــ بۈيۈك ئالىمىمىزنى بىر مىلياردتىن ئارتۇق خەنزۇ قېرىنداشلارغا تونۇتۇپ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش قىپسىز...

ــ تارىم سۈيىنى خۇاڭخې ئېقىنىغا باشلاپسىز...

ــ ئىلىم دۇنياسىدا ئۇنتۇلماس تۆھپە يارىتىپسىز!

ئۇلار شياۋجۇڭيى ئەپەندىنى ئەنە شۇنداق ئالىي ماقام بىلەن تەرىپلەشتى. مەن بۇ ئالقىش سادالىرىنى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەپ چۈشەندىم.

ــ بۈگۈندىن باشلاپ ئىسمىڭىز شاۋۇدۇن ئەپەندى

بولسۇن، ــ دېدى ساھىبخانا ھەممىمىزنى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈرۈپ.

ئۆزئارا تونۇشۇشتىن كېيىن نۆۋەت بىلەن تۆس (بىزچە قەدەھ سۆزى) باشلاندى. مېھماندارچىلىق، زىياپەت ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدا تۆس سۆزلەش ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ تۆس دېگىنى يۇقىرىقىدەك سورۇنلاردا مۆتىۋەرلەردىن باشلاپ سۆزلىنىدىغان قەدەھ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ كىشىنىڭ تەسىراتلىرى، ئىجتىمائىي مەۋقەلىرى، شەخس ۋە جەمئىيەت ھاياتىدىكى ئىجابىي ئىش-ئىزلار تەسىرلىك نۇتۇق ئارقىلىق سۆزلىنىپ، سورۇن ئەھلىگە ئىلھام بەخش ئېتىلىدىكەن . مېنىڭچە، تۆس ئادىتى بىر خىل مەدەنىيەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئىنسانىي تۇيغۇنى قۇۋۋەتلەش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينايدىغان بىر خىل ۋاستە ئىكەن. شۇڭا يىگىت بېشى:

ــ مەرھەمەت، سىزگە تۆس كەتتى، دېسىلا شۇ كىشى تۆسنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قوربىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدىكەن. بىزدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان «شارابنامە»لەردىن كۆپ ئەۋزەلكەن. شۇنداق قىلىپ بىرەسمىي ئىلمىي ئەنجۇمەن ئىچىدە بەھۇزۇر غىزالىنىپ، ساھىبخانلار بىلەن ۋاقتىنچە خوشلاشتۇق.

※ ※ * * *

18 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ زالىدا داغدۇغىلىق ئالقىش سادالىرى ئىچىدە بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتالغان خەلقئارا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى تەنتەنىلىك باشلاندى. مۇراسىمغا چەت ئەللەردىن كەلگەن ۋەكىللەردىن باشقا، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي خادىملىرى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ 500دىن ئارتۇق ئەزىز مېھمان قەدەم تەشرىپ قىلدى. يىغىن سەھنىسىگە ئاتاقلىق رەسسامىمىز غازى ئەھمەد سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھەيۋەتلىك پورترېتى ۋە بۇ مۇبارەك بوۋىمىز تەرىپىدىن سىزىلغان دۇنيانىڭ تۇنجى خەرىتىسى چوڭايتىپ چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ پلاكات ئېسىلغان، پلاكاتنىڭ ئۈستۈنكى ئىككى بۇرجىكىگە كۇنۇس شەكلىدە «مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» دەپ رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان، سەھنىنىڭ ئالدى ۋە يان تەرەپلىرىگە رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر تىزىلغان، رەتلىك كىيىنگەن يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى مەيدىسىگە يىغىننىڭ مەھمۇد كاشغەرىي پورترېتى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە ئىزنىكى تاقىغان، بەزىلەرنىڭ قوللىرىدا گۈلدەستىلەر، بەزىلەرنىڭ قوللىرىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمى... قىسقىسى، زالنىڭ ئىچى ئاجايىپ قاينام-تاشقىنلىققا تولغانىدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمغا ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى (قازاق) رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئالىملار كېڭىشىنىڭ باشلىقى ئابدۇلئەزىز ئۆمەروف ئەپەندى رۇس تىلىدا ئېچىلىش نۇتۇقى سۆزلىدى.

چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىملارغا ۋەكالىتەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندى تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئۇ، سۆزىدە: «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىمىز جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان ئىلىم پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، 2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىككى توملۇق ئەڭ نوپۇزلۇق نۇسخىسىدىن ئۈچ يۈرۈشنى ساھىبخانا دۆلەتكە تەقدىم قىلدى. (بىر يۈرۈشى قازاقىستان رەئىس جۇمھۇرى نۇرسۇلتان ئەبىشۇچ نەزەربايېفقا، ئىككىنچى يۈرۈشى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا، ئۈچىنچى يۈرۈشى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە سوۋغا قىلىندى.) يىغىن زالى گۈلدۈراس ئالقىشقا تولدى. ئارقىدىن ئۇيغۇر تىياتىرى ۋە ئالمۇتىدىكى باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرى بىرلىشىپ «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»غا بېغىشلاپ تەييارلىغان ناخشا-مۇزىكا كېچىلىكى باشلاندى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى سەنئەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ كېچىلىك ھەممىمىزدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

ئەتىسى (19 - دېكابىر) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىلىم-پەن مىنىستىرلىكى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ Б.Р. سولايمانوف نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ «ئالىملار ئۆيى»دە مەخسۇس سېكسىيىلەر بويىچە ئىلىم مۇھاكىمىسى باشلاندى. ئىلىم مۇھاكىمىسىگە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى K.M ئەبۇسېيىتوۋا، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئەھمەتجان بەكرىم ئوغلى شاردىنوفلار رىياسەتچىلىك قىلدى. خەلقئارا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەربىرىمىزگە پەقەت ئون مىنۇت مۇھاكىمە ۋاقتى بېرىلگەن بولۇپ، بىر كۈنلۈك مۇھاكىمىدە 60 پارچىدىن كۆپرەك تەتقىقات ماقالىسى ئوقۇلدى. ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، «دىۋان»نىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئەدەبىيات، فولكلور، سوتسىئولوگىيە،

www.uyghurkitap.com

توپونومىيە، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى قىممىتى ئىنچىلەنگەندى.

ئەگەر بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئەنجۇمەننىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى نەدە دېيىلسە، مېنىڭچە، ئۇنى تۆۋەندىكى ئىككى مۇھىم نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىملىكى ۋە ئۆزلۈك نەسەبنامە مەسىلىسى. بۇ ھالقىلىق مەسىلە جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىشەنچلىك تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق يېشىلگەن ھەمدە ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشىلگەن نۇقتا بولسىمۇ، لېكىن خەلقئاراغا نىسبەتەن تېخى سوئال بەلگىسى ئىچىدىن چىقالمىغان، يېشىلمىگەن تۈگۈن ئىدى. ھەتتا بىر كونكرېت شەخسكە كۆپلىگەن كىملىك تارقىتىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان ئاققۇن ئىلاھنىڭ سىيماسى گەۋدىلىنىپ قالغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدىكى «ئورتاق كىملىك» قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن: بىرى، مەھمۇد كاشغەرىي ئىلىمدە ھەقىقەتەن دۇنياۋى پەللە ياراتتى. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ، تار مەھكىمچىلىكنىڭ سىياسىي دەسمايىسى بولغان مىللەت ئۇقۇمىنىڭ چېگرىسىدىن بۆسۈپ چىققانىدى. ئۇ پەقەت تۇغۇلغان يۇرتى «كاشغەر»نى فامىلە سۈپىتىدە قوللانغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۆزلۈك گېپىنى «تۈرك ئېتنونومى»غا باغلاپ، ئەينى زاماندىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ھەممىسىنى بىر گەۋدە، دەپ چۈشەنگەن. شۇ ۋەجىدىن خەلقلەر توپى مىكرولاشقان بۈگۈنكى زامان ئېڭىدا ئالتۇن سەھىپىلىك بۇ ئىلىم ساھىبقىرانىغا كىملىك بېرىدىغان ھەغدالارنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. يەنە بىرى، 1981 ـ يىلى نوپۇزلۇق ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوفلار باشچىلىقىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ۋە ئەتراپلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەھقىقلەش خىزمىتى جەريانىدا ئېرىشكەن ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپات، ۋەسىقە، تارىخىي ھۆججەتلەر ھەمدە يەكۈن خاراكتېرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى قاتارلىق يېڭى ئۇچۇرلاردىن دۇنيا جامائەتچىلىكى تېخى تولۇق خەۋەر تاپمىغان. شۇڭا بەزى ئەللەر نەزىرىدىكى «ئورتاقلىق» مۇئەممانى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» نامىدىكى بۇ قېتىملىق ئالمۇتا خەلقئارا كېڭىشىدە يىغىن ئەھلى نۇقتىلىق ھالدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزلۈك نەسەبى ۋە كىملىكى ھەققىدە جانلىق پاكىتلار بىلەن كەڭكۈشادە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئالىمنىڭ مىللىي كىملىكى ــ ئۇيغۇر، تۇغۇلغان يۇرتى ــ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىغ كەنتى، قەبرىگاھى ــ ھازىرغىچە ئوپال يېزىسى ئازىغ (ھازىرقى ئۆزگەرگەن نامى قۇمباغ) كەنتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «ھەزرىتى موللام» مازىرى ئىكەنلىكىدەك ئۈچ فورمۇلالىق ھۆكۈم ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشىپ، دۇنياۋى پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى ياكى شۇنداق پىكىر بىرلىكىگە ئىلمىي ئاساس يارىتىلدى. بۇنى يىغىننىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

يىغىننىڭ ئىككىنچى چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەڭ كەڭ ئاممىۋىلىقى ۋە ئومۇمىيلىقىغا ئىگە بولغانلىقىدا، ھەمدە مەھمۇد كاشغەرىي ئوبرازىنىڭ ئىلىم مۇنبىرىدىن ھەربىر ئائىلىگىچە، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىدە ئىپادىلەندى. كۆپ ھالدا بىرەر ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلسا، ئۇ يىغىننىڭ تەنتەنىسى پەقەت شۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى. ناۋادا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللاردا يىغىن ھەققىدە مەخسۇس ئاخبارات بېرىلسە ئاندىن كەڭ جامائەت ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولاتتى. لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش بويىچە بۇ نۆۋەتلىك پائالىيەت بايرام تۈسىنى ئالغان، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك كوچا دوقمۇشلىرىغا، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا، رېستوران ۋە بىر قىسىم ماگىزىننىڭ ئالدىغا «مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» دەپ يېزىلغان ئۆلچەملىك پلاكاتلار ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى ئېسىلغان، ھەتتا بۇ رەسىملەر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى ھەمدە ئىشخانا، ئائىلىلەر مېھمانخانىلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتاپ مەخسۇس مەجمۇئەلەر، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ، خەلق قەلبىدە بۈۋىمىز مەھمۇدقا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ۋە يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. شۇ كۈنلەردە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، قەلبىمىزدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 20 ـ دېكابىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا روزىباقىيېف نامىدىكى ئۇيغۇر 153 ـ گىمنازىيىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق. مەكتەپ قورۇسى ۋە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان پلاكاتلار ۋە رەسىملەر ئېسىلغان. بىنانىڭ ئالدىغا ئالىمنىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان. بىز ئالدى بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ «مىراسگاھ» دەپ ئاتالغان مەكتەپ مۇزېيى، كۇتۇپخانا، ھۈنەر ـ سەنئەت مەركىزى، ئېلېكترونلۇق پولتېخنىكا مەركىزى، تەنتەربىيە چېنىقىش مەركىزى قاتارلىق

ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيەت ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، دەرسخانىلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سالاملاشتۇق. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورمىسىدا پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنگەن، چىرايىدىن جۇشقۇن روھ، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بىز ئوقۇغۇچىلاردىن خالىغانچە سوئال سوراشنى باشلىدۇق. مەن ئىككىنچى پارتىدا ئولتۇرغان 13-14 ياش چامىسىدىكى قىزچاقتىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرغان بۇ قىزچاق ناھايىتى تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان يىلى، يۇرتى، ۋاپات بولغان يىلى، ئۇنىڭ قەبرىگاھى، تۆھپىسى... قاتارلىق مۇھىم ھالقىلارنى يىپقا تىزغان مارجاندەك ساق يەتتە مىنۇت سۆزلىدى. قىزنىڭ نۇتۇقى تولىمۇ تەبىئىي، راۋان، لوگىكىلىق ئىدى. ھەممىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارى ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىغا قايىل بولدۇق. شۇئاندا بىر ئىش خىيالىمدىن كەچتى: بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بىر ياش ئوقۇتقۇچى ھازىرقى ستۇدېنتلارنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنىڭ كۈنسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىپ مۇنداق دېگەنىدى: «...ئاخىرى دەرسخانىدا سوئالىمغا تۈزۈكرەك جاۋاب ئالالماي، كىمكى كىتابقا قارىماي خالىغان مەزمۇندا بەش مىنۇت نۇتۇق سۆزلەپ بەرسە 100 نومۇر بېرىمەن دېسەم، بىرەر ئوقۇغۇچىمۇ يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقالمىدى...» دەرۋەقە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ياشلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى بىلەن نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نىشانلانغان «تەلەي يۇلتۇزى» پروگراممىسىدىمۇ بىزدىكى بۇ ئاجىزلىق ھېس قىلىنىدۇ. كېيىن بىلدىمكى، بۇ گىمنازىيىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە تەربىيىلەش نىشانى ئىچىدە پېداگوگىكىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە «نۇتۇقشۇناسلىق» دەرسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەتلىك سۆزلەش ماھارىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. («نۇتۇقشۇناسلىق» دەرسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن باشلىنىدىكەن). بىز ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ زالىدا ئۆتكۈزگەن مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق. بۇ پائالىيەت ناھايىتى جانلىق ۋە رەڭدار بولۇپ، ئازادە بېزەلگەن سەھنىدە بىر توپ بالا «ئارتىس» مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلانغان ئومۇمخور ئوقۇغاندىن كېيىن، شېئىر، نەسىر، لەپەر، ئېيتوت، بالىلار دىرامىسى قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ئورۇنداپ ھەممىمىزنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇردى. بولۇپمۇ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن تۇغۇلغان يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ قۇرغان «مەھمۇدىيە مەدرىسە»سىدىكى ئالىمنىڭ مۇددەرىسلىك ھاياتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بالىلار دىرامىسى تولىمۇ ئوبرازلىق ۋە مەنىلىك بولۇپ، بالىلار ياراتقان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نۇرلۇق سىيماسى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بۇنداق داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى قازاقىستاندىكى باشقا ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە-رايونلاردىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى بىزنى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە چۈشلۈك غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلدى. بىز بىر تەرەپتىن غىزالانغاچ مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان فىلىمنى كۆردۇق.

ئابدۇللا روزباقىيېۋ نامىدىكى بۇ گىمنازىيە ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان سەككىز يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا بىرلىكتە) بولۇپ، 1967-يىلى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسمى رىۋايەتكە ئايلانغان ئۇلۇغ ئوغلانى، سوۋېت كومپارتىيىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا روزباقىيېفنىڭ نامى بېرىلگەن بۇ گىمنازىيىدە ھازىر 79نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشلەيدىكەن. ئۇلاردىن 73 نەپىرى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەلۇماتلىق، ئالتە نەپىرى مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن ئىبارەت. گىمنازىيىنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىگە پېداگوگىكىلىق پەن دوكتورلىرى يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدە تۆت كىشى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىلىك مائارىپ نەمۇنىچىسى، بىر نەپىرى قازاقىستان رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، تۆت نەپىرى دۆلەت تەنتەربىيە چېمپىيونى ئىكەن. ئومۇمەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ناھايىتى سەرخىل، ئىقتىدارلىق، ھەممىسى «قوش تىل»لىق بولۇپ، بارلىقىنى مائارىپقا ئاتىغانلار ئىكەن. مېنى ھەممىدىن كۈچلۈك جەلپ قىلغىنى، ئۇلارنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرى بىلەن «قوش تىل»لىق مائارىپ نەتىجىلىرى بولدى. ئەسلىدە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پېداگوگىكا جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. پېداگوگىكىلىق قانۇنىيەتلەر بويىچە مائارىپنى تەرتىپكە سېلىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئامىلى دەرسلىك قۇرۇلۇشى بولغاچقا، ھەرقايسى پەننىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆرلىشىگە ھەقىقىي ياردەم بېرەلەيدىغان نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە دەرسلىك ئىشلەشنى گوياكى «مەنىۋى ئاتوم بومبا» ياساش يۈكسەكلىكىدە تونۇپ، بۇ ساھەگە ئەڭ ئىقتىدارلىق پېداگوكلارنى جەلپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ چارە-تەدبىرى سۈپىتىدە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا ئۈچ قاتلاملىق (باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپ) دەرسلىك تۈزۈش مۇتەخەسسىسلەر كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ خىزمەتنى مۇنتىزىملاشتۇرغان ۋە

www.uyghurkitap.com

قىلىپلاشتۇرغان. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ ئۇزاق مۇددەت سىناقتىن ئۆتكەن ۋە ئەمەلىي ئۈنۈم بەرگەن بۇ مائارىپ قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈلمىسى بۇزۇلماي كەلگەن. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىمۇ ئاشۇ ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى كەسىپ مۇتەخەسسىلىرىدىن تەركىب تاپقان دەرسلىك تۈزۈش كوللېگىيىسى ئۆزىنىڭ مۇقىم ئورگانلىق سالاھىيىتىنى يوقاتمىغان. ھازىر قازاقىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى باشقۇرۇشىدىكى دۆلەتلىك دەرسلىك تۈزۈش كوللېگىيىسى تەركىبىدە ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك تۈزىدىغان مەخسۇس كومىتېت بار. مائارىپ ساھەسىدە بۇ كوللېگىيىنىڭ نوپۇزى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تۆت يىلدا بىر قېتىم دەرسلىك مەزمۇنىنى يېڭىلاپ، ئوبيېكتىنىڭ پسىخولوگىيىلىك ۋە فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىش قىممىتىگە ئىگە دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، دۆلەتلىك دەرسلىك تۈزۈش كوللېگىيىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ يۇقىرى سۈپەت ئۆلچىمىدە بىر تۇتاش نەشر قىلىنىدىكەن. ھەربىر ئوقۇغۇچى دەرسلىك قوللىنىشتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىكەن. بىر دەرسلىك ئۇدا تۆت يىل ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، پاكىز ساقلايدىكەن. بۇ ئارقىلىق ھەم مالىيە ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدىكەن ھەم دەرسلىكنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىق ئىقتىدارى ئۆسىدىكەن. دەرسلىكلەرنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇزىمۇ يۇقىرى ئىكەن. مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار بۇ گىمنازىيە ئالمۇتىدىكى باشقا ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئوخشاش كەسپتە ئانا تىل(ئۇيغۇر تىلى)نى ئاساس قىلىپ، «قوش تىل»لىق مائارىپ يۆنىلىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغان. قازاقىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، 137 مىللەت ياشايدۇ. گەرچە، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن قازاق تىلى قازاقىستاننىڭ دۆلەت تىلى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە خەلقئارا دىپلوماتىيە ئىشلىرى رۇس تىلى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئالىي مائارىپتا قازاق ۋە رۇس تىلى ئاساس قىلىنغان. نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ ھەمدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مائارىپنى ئۆز ئانا تىلىدا ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت بېرىلگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش ۋە خىزمەت قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن قازاق تىلى بىلەن رۇس تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش شەرت قىلىنغان. (قازاقىستان ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ئۈچۈن كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قازاقچە ياكى رۇسچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىدۇ.) مۇشۇ ئەمەلىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە «قوش تىل» مائارىپى پېداگوگىكىلىق ئۆلچەم ـ پرىنسىپلار بويىچە ناھايىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، «قوش تىل» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ئامىللار ياخشى ھەل قىلىنغان. بىز زىيارەت قىلغان ئۇيغۇر گىمنازىيىسىدە ئىزچىل ھالدا ھەپتىدە ئالتە سائەتتىن رۇس تىلى ۋە قازاق تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە بۇ دەرسلەرنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنغاچقا، بۇ مىللىي تىل ـ يېزىق ئاساس قىلىنغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2008 ـ يىلدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى 72%كە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلاردا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئانا تىلدا ئوقۇتۇشتىن ئەنسىرىمەيدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەن. بۇ رېئاللىق «قوش تىل» مائارىپى ھېچقاچان ئانا تىلنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. مېنىڭچە، «قوش تىل» مائارىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت يۈكسەكلىكىدە چوڭقۇر تونۇپ، «قوش تىل» ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە توغرا ھەل قىلىنغاندىلا، «قوش تىل »مائارىپى ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىدۇ ۋە يېتەلەيدۇ.

## «پورباجىن رېستورانى»دىكى سۆھبەت

«مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» تېمىسىدىكى ئالمۇتا خەلقئارا يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، يىغىنىڭ تۆتىنچى كۈنى( 21 ـ دېكابىر) چۈشتىن بۇرۇن، يىغىن تەشكىللاتچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز«پورباجىن رېستورانى»غا كەلدۇق. بۇ رېستوران يېڭى قۇرۇلغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ تۇنجى مېھمىنى ئىكەنمىز. مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن بۇ ئۇيغۇر رېستورانى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى جەھەتتە دۇنيا ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان پورباجىن قەلئەسى (سوقما تام قورغىنى)نىڭ 2007 ـ يىلى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن سىزىلغان مودېلىغا تەقلىد قىلىنغانىكەن. رېستوران زالىنىڭ تاملىرىغا پورباجىن قەلئەسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش، بۇ قەلئەنىڭ بايقىلىشىدىن تاكى ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانلىرىنىڭ ھۆججەتلىك سۈرەت خاتىرىلىرى، قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تېپىلغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ فوتو چەكمىسى، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ پورباجىن قەلئەسىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلىم ئۇچۇرلىرى رەسىم جازىسىغا ئېلىپ ئېسىلغان. بۇ ئىخچام كۆرگەزمە مەزكۇر رېستوراننىڭ ئەمەلىيەتتە پورباجىن قەلئەسىگە بېغىشلانغان بىر كىچىك مۇزېي ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. 2007 ـ يىلى رۇسىيە

ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پورباجىن- سوقما تام قەلئەسى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنياغا جاكارلانغاندىن كېيىن پورباجىن دۇنيا ئارخېئولوگىيىسىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى بۇ خەۋەرنى ئېلىمىزگە تارقاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدىمۇ ئىلگىرى- كېيىن ئۈچ پارچە (چىن شۆشۇن ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2007-يىل 11- ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان «رۇسىيە پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەلئەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرمەكتە» دېگەن ماقالىسى، ئارقىدىن رەھىمجان ھاكىم خىنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «رۇسىيىدىكى ئۇيغۇرلار سالغان يازلىق قەلئە- پورباجىن» دېگەن ماقالە، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008- يىل 5- سانىدا ئېلان قىلىنغان «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىسى) ماقالە ئېلان قىلىنىپ، رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ دۇنياۋى كاتتا بايقاشتىن خەۋەردار قىلغانىدى. بولۇپمۇ يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىدا پورباجىن قەلئەسىنىڭ تىكلىنىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئەتراپلىق يېشىپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ۋەھالەنكى، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە ئىپتىخارلاندۇرىدىغان بۇ مۆجىزىلىك ۋەقەدىن تالاي كىشى تا ھازىرغىچە بىخەۋەر.

قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رۇس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئاخبارات» ناملىق ئورگان ژۇرنىلىنىڭ 2007- يىل 4- سانىدا رۇسىيە فېدراتسىيىسى تۇۋا (ئەسلىي توبا) جۇمھۇرىيىتىدىكى تېرىخول (تۆبە-خال) كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇزلۇق ئارالدا بۇنىڭدىن 1300 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2- قاغانى مويۇنچۇرنىڭ يازلىق دەم ئېلىش قەلئەسىنىڭ تېپىلغانلىقى ھەققىدە تۇنجى خەۋەر بېرىلگەندىن باشلاپ، قازاقىستاننىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقا- ئارقىدىن بۇ ھەقتە كەڭ كۆلەمدە خەۋەر تارقاتقان ھەمدە نۇرغۇن ئەمەلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ھەممە كىشىدە پورباجىن قىزغىنلىقى قوزغىغان.

2008- يىلىنىڭ بېشىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى رۇسىيە پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرى سېرگىي شايگۇغا مەخسۇس دوكلات يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر قورغان ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەتقىقاتقا قاتنىشىش تەلىپىنى بىلدۈرگەن. تۇۋا مىللىتىدىن بولغان مىنىستىر سېرگىي شايگۇ پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش ۋە قوغداش خىزمىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشەببۇسكارى بولۇپ، 2007- يىلىنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ باش مىنىستىرى E. M فرادكوفنىڭ ئىمزاسى بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت بۇيرۇقىغا ئاساسەن مىنىستىر سېرگىي شايگۇ پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش، قوغداش يۈزىسىدىن قۇرۇلغان دۆلەتلىك مەخسۇس كومىسسىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. سېرگىي شايگۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن 2008- يىلى 20- فېۋرال موسكۋا شەھىرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كېلىشكەن. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بۇ ئۇچرىشىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قازاقىستان گېئولوگىيە- مىنېرالوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېف، ئارخېتكتورا ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور بەھرىمجان غىلاۋىدىنوف، ئورخۇن يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئارخېئولوگ ئابدۇللا سامساقوف قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئالىمنى رۇسىيىلىك ئالىملار بىلەن «پورباجىن قورغىنى» ھەققىدە پىكىرلىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتكەن. ئۇلار موسكۋادا رۇسىيە پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورگانلار بىرلىكتە قۇرغان «پورباجىن قەلئەسى» مەخسۇس كومىسسىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىلىم خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پورباجىن قەلئەسى ھەققىدە ئەتراپلىق ئۇچۇرغا ئىگە بولغان ھەمدە مۇشۇ كومىسسىيە تەركىبىدە پورباجىن قەلئەسىگە بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشقا ئىجازەت ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايروپىلان بىلەن موسكۋادىن ئۇدۇل تۇۋا جۇمھۇرىيىتىگە كېلىپ، پورباجىن قەلئەسى ھەققىدىكى ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلىۋەتكەن.

بىزنىڭ ئالمۇتا «پورباجىن رېستورانى»دىكى سۆھبىتىمىزدە يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر ئالىممۇ بار ئىدى. بىز ئۇلاردىن بۇ قىزىقارلىق تېما ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىقراق چۈشەنچە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق.

- بىزمۇ بۇ ئەھمىيەتلىك تېمىغا كېچىكىپ ياندىشتۇق،- دەپ سۆز باشلىدى پېشقەدەم پروفېسسور ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېف،- بىز شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، ئون نەچچە ئەسىردىن بۇيان خىلۋەت ماكاندا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئېسىل يالدامىسىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش بىزنىڭ مىللەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە قەرزىمىز. بىز ئەنە شۇنداق قەرز ۋە پەرز تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان- تەرىدىن تىكلەنگەن بۇ سىرلىق قەسىرنى كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز.

ئەسلىدە «پورباجىن قەلئەسى»نىڭ تېپىلىشى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭى بايقاش ئەمەس. ئۇنى ئەڭ دەسلەپ رۇسىيىنىڭ مەشھۇر ئېتنوگرافىيە ئالىمى دېمترىي كلېمېنىيېف

1891 ـ يىلى بايقاپ، ئۇ ھەقتە تەتقىق قىلغان. دېمتىرىي تەتقىقاتىدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسلىنىپ، 1909 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېد (G. J. Ramstedi) موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى xine_usu (رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆلنىڭ نامى تېرىخول ياكى تېپتې خول بولسا كېرەك. ــ مۇئەللىپتىن) كۆلى ئەتراپىدىن «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»نى تاپقان. بۇ تاش پۈتۈكتە: «... يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز[2] بېشىدا قاسار قوردان[3] ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمى ياساتتىم. يازدا شۇ يەردە يازلىدىم، زېمىنىنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەپ چىقتىم[4]. ئۇ يەردە بەلگەمنى، پۈتۈكۈمنى ئويدۇردۇم»[5] دېگەن بىر ئابزاس خاتىرە ئۇچرايدۇ. رامستېد ۋە باشقا ئالىملارنىڭ دىققەت نەزىرىدىن چەتتىرەك قالغان بۇ جۈملىلەر دەل مۇشۇ قەلئە ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك تۇنجى ماتېرىيال ئىدى.

ھازىرقى «پورباجىن» دېگەن نام تۇۋا تىلىدا «سوقما تام»، «لايدىن ياسالغان قەلئە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، مەزكۇر قەلئەنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ لاي ـ توپىدىن ياسالغانلىقىدەك مېمارلىق ئالاھىدىلىكىنى سۈپەتلەپ قويۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك نام بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ نامىنى تۇۋالار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا «قاسار قاردان» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ دەل مىلادى 759 ـ يىلى تىكلەنگەن «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»(«مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىكى «قاسار قوردان» نامى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. پورباجىن قەلئەسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھازىرقى رۇسىيە ئالىملىرىمۇ بۇ قاراشنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىزنىڭچە بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. «قاسار» ياكى «خازار»، «خەزەر» ــ 8 ـ ئەسىرلەردە (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە) ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولغان «ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «قوردان»(قاردان) خوتەننىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ نام تۇۋا تەۋەسىدىمۇ (ئەينى ۋاقىتتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەسى ئىدى) تەكرارلىنىشقا ئۇچراپ، شىمالىي قۇملۇقتىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار بىلەن تارىم ۋادىسىدا تۇراقلىق ماكان تۇتۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەداشلىقىغا سىمۋول قىلىنغان ۋە ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاشتۇرۇپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۇ ھەشەمەتلىك قەلئەگە «خوتەن» (قوردان) نامىنىڭ قويۇلۇشى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان قىزىقارلىق تېما.

مەركىزىي ئاسىيا دائىرىسىدىكى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ بۇنداق تەكرارلىنىشى تارىختا كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. شۇ دەۋردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى قارا بالغاسۇن (قارا ـ بالىق ساغۇن)[6] دېگەن شەھەر نامى قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن، يەنى «بالاساغۇن» نامى بىلەن يەتتەسۇ ۋە قەشقەر تەۋەلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

«قاسار قوردان» (ھازىرقى نامى پورباجىن) قەلئەسىنى تۇنجى قېتىم بايقىغان دېمتىرىي كلېمېنسېيېفتىن كېيىن 1957 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، ئېتنوگراف سېۋىيان ئىزرايلىۋىچ باينېشتېين باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بۇ خارابە ئىزىدا ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ ھەقىقەتەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2 ـ قاغانى مويۇنچۇر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئوردىسى» ئىكەنلىكىنى، مېمارچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىن مەركىزىي شەھەر قارا بالغاسۇننىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشاشلىقىنى دەلىللەپ چىققان. س. باينېشتېين ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ھازىرقى تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان تۇبىنلارنىڭ كىملىكى ھەققىدە توختىلىپ: «مىلادى 840 ـ يىللىرى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچكەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خانلىق تەۋەسىدىكى تۇۋا ئەتراپىدا ئورۇنلىشىپ قالغان. بۇ رايوندىكى تۇبىنلارنىڭ ئېتنوگرافىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىش ئېلىپ بارغىنىمدا، مەن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى، تۇبىنلارنىڭ بۈگۈنكى نامى ‹تۇۋا› ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر توبالىرىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. 8 ـ ئەسىردە توبالارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان، ئۇلار توبا (تۇۋا) مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا چوڭ رول ئوينىغان»[7] دەپ تەرىپلىگەن. ۋ.ۋ.رادلوفمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ: «توبا ــ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى»[8] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا سوۋېت ئالىملىرىدىن ر. كىزلاسوۋ، س. ۋ. كىسلېيېف ھەمدە تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايال يولباشچىسى تامارا ماشالوۋنا نوربىي قاتارلىق ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدا تەكىتلەشكەن. ھازىرقى تۇۋا تارىخچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلايدۇ. كۆپلىگەن تىلشۇناسنىڭ ئورتاق قارىشىدىكى «تۇۋا تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە بۇ گۇرۇپپىدىكى قەدىمكى ئوغۇز، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە توبا (قاراغاس) تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئايرىم بىر ئۇيغۇر ـ تۈرك تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ»[9] دېگەن يەكۈنلىرىمۇ ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدە تەكشۈرۈشتە بولغان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار تۇۋالار بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكىلى

بولىدىكەن. بۇ ئۇچۇرلار ئەينى زاماندا «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يازلىق سارىيى»نىڭ ھازىرقى تۇۋا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز جايدىكى تېرىخول كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىلۋەت ئارالغا تەمىر قىلىنغانلىقىنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرسە كېرەك.

بىر ئەسىردىن بۇيان دۇنيا ئارخېئولوگىيىسىنىڭ تونۇشۇغا ئايلانغان بۇ كارامەتلىك خارابىنىڭ باغرىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت سىرلىرىنى يېشىش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. 1995- يىلى رۇسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى بورىس يېلتسىن پورباجىننى دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارار چىقىرىپ، بۇ قەدىمكى تارىخىي يادىكارلىقنى ساقلاش ۋە قوغداش ھەققىدە رەئىس جۇمھۇر پەرمانى چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلئەنى تەكشۈرۈشكە يالغۇز گۇمانىتار پەنلەر مۇتەخەسسىسلىرىلا ئەمەس، شۇنداقلا تەبىئىي پەنلەر، گىدرولوگىيە، گېئوفىزىكا، توپونومىيە، گېئولوگىيە، ئارخېكتورا ساھەلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىمۇ جەلپ قىلىنغان. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ كرىس گېفنىي رۇسىيىدە قوزغالغان پورباجىن قىزغىنلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ: «قورغان ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشنىڭ تېخنولوگىيىسى ئۇنىڭغا قاتناشقان ھەر قايسى ئىلىم ساھەسىنىڭ خىزمەتلىرىگە پايدىلىق ئۆلۈشىنى قوشۇشى مۇمكىن. مىسال ئۈچۈن گىدرولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالساق، ھازىر كائىنات يۈزىدە ئىسسىقلىق تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۆنسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ پورباجىن ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى بەلگىلەيدۇ»[10] دەپ، تەكشۈرۈش پىلانىنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلىدى.

مەلۇمكى، بۇ قەلئە ئېگىزلىكتىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت گېكتار (60 مو) كېلىدىغان تەبىئىي مۇزلۇق ئارال ئۈستىگە قۇرۇلغان. ياز پەسلىنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۆل سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 25+ گرادۇسقا كۆتۈرۈلىدىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ دۇنيا كۆلەملىك ئىسسىقلىق ھارارىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ ئارالنىڭ قىرغىقى ھەر يىلى بىر مېتىرگىچە تارىيىۋېتىپتۇ. بۇنداق تەبىئىي تەھدىتنى ھېس قىلغان رۇسىيىلىكلەر پورباجىن قەلئەسىنى قوغداش ۋە تەكشۈرۈش پىلانىنى قىزغىن ھىمايە قىلغان ۋە تېزلەتكەن. ئۇنىڭغا دۆلەت مالىيىسىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتقاندىن باشقا، رۇسىيىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مەھكىمىسى ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىشىدە دۆلەت كۆلەملىك «پورباجىن مەدەنىيەت فوندى» قۇرۇلغان. بۇ «فوند»نىڭ تەركىبىگە رۇسىيىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىك، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر، تاتارىستان قاتارلىق رۇسىيىگە قاراشلىق بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى، كۆرۈنەرلىك ئاخبارات ۋاسىتىلىرى، ئىلىم تەتقىقاتى ۋە ئاسارىئەتىقە قوغداش ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن مېرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلار ۋە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر كىرگۈزۈلگەن. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئا.ن.دېرېۋيانكو بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق چوڭ مىقياستىكى تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىش سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىدە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان.»[11]

دەرۋەقە، رۇسىيە ھۆكۈمىتى 2007- يىلى داڭلىق ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار، ئارختېكتورلار ۋە ئېتنوگرافلار باشچىلىق قىلغان 600 نەپەر پىدائىي ستۇدېنتتىن تەشكىللەنگەن چوڭ ئېكسپېدىتسىيە قوشۇنى تېرىخول كۆلى بويىغا ئورۇنلىشىپ، تۆت ئايغا سوزۇلغان ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە بۇ ساھەدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلغان. بۇ قېتىمقى چوڭ كۆلەملىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان 230دىن ئارتۇق ھەرخىل ئاسارىئەتىقە تېپىلىپ، ئۇ، تۇۋا مىللىي مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان. ئەڭ مۇھىمى، قەلئە ئىچىدىكى خادا تاشلاردىن يەتتە تۈرلۈك قەدىمكى ئۇيغۇر- رۇنىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلىرىدىن بىرى بولغان بوقۇشنىڭ مۆھۈرى تېپىلغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ مۆھۈر تۇۋالار ئارىسىدا تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قاغانى مويۇنچۇرنىڭ ئۈچ چىشلىق تامغىسىغا ئوخشايدىكەن.

پورباجىننى قوغداش ۋە تەكشۈرۈش كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى، مىنىستىر سېرگىي شايگۇ بۇ قېتىملىق قېدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىگە جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: «ئارخېئولوگلارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، پورباجىن قەدىمىي قەلئەسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان. ھازىر بۇ قەلئەنىڭ ئاساسىي بۆلىكى قېزىپ بولۇندى، قەغەز يۈزىدە بۇ قەلئەنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىز ئۇزاققا بارماي بۇ جاينى دۇنياغا ئېچىۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتىمىز.»[12]

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن رۇسىيىدە مەخسۇس پورباجىن تېمىسى بويىچە بىر قانچە قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى ئېچىلغان. «پراۋدا» (ھەقىقەت)، «موسكۋا گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىتلەردە 200 پارچىدىن ئارتۇق مەخسۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ئېلان قىلىنغان. ئون قېتىم تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەنگەن. رۇسىيە ۋە چەت ئەللەردىن بۇ قەلئەنى زىيارەت قىلىشقا ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگەن. ئاشۇ نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بەش مىليون دوللار سەرپ قىلىنغان.

پورباجىننى تەكشۈرۈش خىزمىتى زور ئۇنۇم قازانغاندىن كېيىن، رۇسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ۋىلادىمىر پۇتىن 2007 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇستتا روسىيىگە زىيارەتكە كەلگەن موناكو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئالبېرت2 بىلەن پورباجىن قەلئەسىگە بېرىپ خارابە ئىزنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەمدە مۇخبىرلارغا «بۇ، روسىيە تارىخىدىكى كۆلىمى زور تەكشۈرۈش تۈرى، پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان قەلئە»[13] دەپ جاكارلىغان.

دەرۋەقە، 2007 ـ يىلى پورباجىن قەلئەسىنىڭ سىرىنى ئېچىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى.

2007 ـ يىللىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ، 2008 ـ يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان لايىھىسىنى بېكىتىش مەقسىتىدە 2008 ـ يىلىنىڭ 1 ـ مەۋسۇمىدە قازاقىستان پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرى ۋىلادىمىر بوچكونىڭ ئىشخانىسىدا رۇسىيە پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرى سېرگېي شايگۇ رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك ئالىم جەم بولۇپ، پورباجىن تەقدىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان. سېرگېي شايگۇ ئىككى دۆلەت ئالىملىرى ئۇچراشقان بۇ يىغىندا 2007 ـ يىلى پورباجىن قەلئەسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ھەمدە 2008 ـ يىلى ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنىڭ يۆنىلىشى، پىلان باسقۇچلىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان ۋە قازاقىستان ۋەكىللىرىگە ئۆزى تۈزگەن «توبا دەپتىرى» ناملىق تۆت توملۇق كىتابى بىلەن پورباجىن ھەققىدىكى ھۆججەتلەر توپلىمىنى سوۋغا قىلغان. قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ سۆھبەتتە ئۆزلىرىنىڭ پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ھەمدەم بولۇش تىلىكىنى بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكى ئۈچ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرشۇناسلار رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە پورباجىن قەلئەسىنى قايتىدىن تىكلەش لايىھىسىگە قاتنىشىش؛

2. تىۋا جۇمھۇرىيىتى پورباجىن قەلئەسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ساياھەتنى جانلاندۇرۇش؛

3. قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قارىمىقىدا «پورباجىن قورغىنى فوندى» قۇرۇپ، مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش، تەتقىقاتنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش. بولۇپمۇ پورباجىننىڭ مېمارچىلىق كومپلېكسىنى تولۇق دەلىللەپ، بۇ ئابىدىنىڭ تارىخىي قىممىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇش.

بۇ ئۈچ تەكلىپ لايىھە رۇسىيە تەرەپتىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىلىم ھەمكارلىقى ئورنىتىلغان.

بىز «پورباجىن رېستورانى»دىكى سۆھبەتتە، يىراق سىبىرىيە داللىرىغا بېرىپ ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولغان ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېف باشچىلىقىدىكى ئۈچ پروفېسسورنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، 8 ـ ،9 ـ ئەسىردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇ كاتتا ئەھمىيەتلىك يالدامىسى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق ھەمدە بىزنىڭمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈك مەدەنىيەت مىراسىنى قوغداش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

ئاخىرىدا، بىزنى شۇنچە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە قىلغان بۇ قىممەتلىك ئىلىم پائالىيەتلىرىنىڭ باش ساھىبخانى ـ جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ھەققىدە ئىككى كەلىمە ئىزاھات بېرىشنى زۆرۈر تاپتىم. بۇ «مەركەز» قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قانۇنلۇق ئاممىۋى ـ ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا يەنە ئالمۇتا شەھىرى ۋە باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا شۆبە مەركەزلىرى بار ئىكەن. بۇ مەركەزنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، جامائەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان ھەرقايسى ساھە ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان. «مەركەز» تەركىبىدە مائارىپ كوللېگىيىسى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت كوللېگىيىسى، ئالىملار كېڭىشى، سودىگەر ـ كارخانىچىلار كېڭىشى، خاتۇن ـ قىزلار كېڭىشى، ئەدىبلەر كېڭىشى، سەھىيە ـ ساغلاملىق كېڭىشى، خەلقئارا ھەمكارلىق كېڭىشى، ئاخباراتچىلار كېڭىشى، تارىخ ـ مەدەنىيەت مىراسلىرى كېڭىشى، نەشر ئەپكار كېڭىشى، جامائەت ئىشلىرى كېڭىشى قاتارلىق ئون نەچچە مەخسۇس ئورگان بولۇپ، ھەرقايسى كوللېگىيە ـ كېڭەش «مەركەز»نىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدىكەن. «مەركەز» گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس مەمۇرىي ئورگىنى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قازاقىستاندىكى

ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى باشـقۇرۇش، تەرەققىـي قىلـدۇرۇش، جەمئىيەتنىـڭ تىنـچ ـ ئەمىنلىكىنى قوغداپ ئورتاق گۈللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇنىۋېرسال فۇنكسىيىسى ئارقىلىق بىر قانچە يىلدىن بۇيـان قازاقىستان دۆلىتىنىـڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە زور تۆھپە قوشقان. شۇڭا قازاقىـستان جۇمھۇرىيىتىنىـڭ رەئىـس جۇمھـۇرى نۇرسـۇلتان ئەبىشۇيچ نەزەربـايېف بىـر قـانچە قېتىم «مەركەز»نـى كۆزدىـن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«مەركەز» ئىقتىـسادىي جەھەتتىـن ئـۆز ـ ئـۆزىگە تايانغـان بولـۇپ، ئۇلارنىڭ مەبلىغى «كارخـانىچىلار كېڭىشى»نـى گەۋدە قىلغان جامائەت فوندىدىن كېلىدىكەن. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىـسىدا بىـر تۈركـۈم مـۇنەۋۋەر كارخـانىچى بارلىققا كەلـگەن بولـۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودىسى قازاقىستاننىڭ دۆلەت مالىيىسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىدە كۆلەملەشـكەن. (2008 ـ يىلـى ئۇيغـۇر كارخانىچىلىرىنىـڭ ياراتقان پايدىسى ئالمۇتا ئوبلاستى مالىيە خامچوتىنىڭ %12نى تەشـكىل قىلغـانلىقى مەلـۇم.) قازاقىـستاندىكى ئۇيغـۇر كارخانىچىلارنىـڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولـۇپ، ئـۇلار مىللەت ھالقىغان سودا گۇرۇھلىرىـنى تەشكىللەپ، ئەنئەنىۋى تىجارەت ئېڭىدىن زامانىۋى تىجارەت ئېڭىغا يۈزلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يوللىرى كېڭىيىپ، دۇنيانىڭ سودا رىقابىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىـڭ بـايلىقىنى دۆلەت ۋە مىللەتـكە مەنـسۇپ دەپ بىلگەچـكە، جامائەتنىـڭ مەدەنىـيەت، مائارىـپ ۋە ئىلىـم ـ پەن ئىشلىرىغا ئۆزلۈكـدىن مەبلەغ ئاجرىتىـدىكەن. بۇ ساخاۋەتچى كارخانىچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىشى نەتىجىسىدە ئۆتكەن بىر يىلدا «مەركەز» مەھمـۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىـڭ 1000 يىللىقىنـى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى مەركەز قىلغان ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتكە بىر مىليون دوللار سەرپ قىلغان.

بىز بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىز ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلـدۇقكى، قازاقىـستان جۇمھۇرىيەتلىـك ئۇيغـۇر مەدەنىـيەت مەركىزى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ دوستلۇق ـ ھەمكارلىقىغا تولـۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن قارايدىكەن. ئىككى دۆلەت دوسـتلۇقىنىڭ كۈنـسېرى كۈچىيىـشىنى تىلەيـدىكەن ۋە مۇشۇ يولدا ئېغىشماي مېڭىشنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچى ھېسابلايدىكەن. مۇشۇ توغرا تاللاش ئۇلارنى جۇڭگو بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارا سودىدا تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئىگە قىلىپ، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈپتۇ.

2008 ـ يىل دېكابىر، 2009 ـ يىل يانۋار، شەھىرى ئۈرۈمچى

## نەقىل مەنبەلىرى

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ «كىرىش سۆز»ىدىن.

[2] تەز ـــ يەر ئىسمى.

[3] قاسار قوردان: ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى بىر قەبىلە نـامى. ھازىر «خەزەر» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىغان. قوردان: خوتەنىنىـڭ قەدىمكـى تـۈركچە ئاتىلىشى .

[4] بۇ جۈملىنى مالوف «ئۇ يەردە تەگـرىگە تـاۋاپ قىلـدىم» دەپ تەرجـىمە قىلغان.

[5] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىـدىن تاللانما»، شـىنجاڭ خەلـق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى 117 ـ بەت.

[6] قارا بالغاسۇن ـــ ئەسلىي «قارا ـ بالىق ساغۇن» بولـۇپ، «قـارا» ـــ بۈيۈك، چوڭ دېگەن مەنىنى، «بـالىق» ـــ شـەھەر، «سـاغۇن» ـــ گېنېرال، سەركەردە، ھەربىي ئەمەلدار دېگەن مەنىلەرنـى بىلدۈرىـدۇ. «بۈيـۈك سانغۇنلار تۇرىدىغان شەھەر» دېمەكتۇر.

[7] «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ، موسكۋا، 1964 ـ يىل نەشرى، 6 ـ سان.

[8] ئورىيانخـاي: «تىبـا (توبـا) دەپتـىرى» 2 ـ تـوم، تۈزگـۈچـى: سـېرگىي شايگۇ، موسكۋا 2007 ـ يىل نەشرى، 226 ـــ 229 ـ بەتلەر.

[9] يالقۇن روزىنىڭ «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىسىدا ئېلىنىغان نەقىل. «شىنجاڭ مەدەنىيـىتى» ژۇرنىلـى 2008 ـ يىـل 5 ـ سـان 30 ـ بەت.

[10].[11] ئا. سامـاقوف: «سوقما تام قورغىنىنىڭ سـىرى» ، «ئاخبـارات» ژۇرنىلى، ئالمۇتا، 208 ـ يىل 2 ـ سان 13 ـ بەت.

[12].[13] يالقۇن روزى: «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى» ، 31 ـ بەت.

---

ئاپتور: فولكلورشۇناس، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنـستىتۇتىنىڭ پروفېـسورى، دوكتـور ئاسـپىرانتلار يېتەكچىـسى، جۇڭگـو ئۇيغـۇر كلاسـسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى(M1)

www.uyghurkitap.com



# نەنجىڭەرە نەۋرۇز

**يالقۇن روزى**

جاھاندا زادى قانچىلىك بايرامنىڭ بارلىقىنى بىلمەك تەس. ئەمما مەشھۇر دىنىي بايراملار، سىياسىي بايراملار، ئۆرپ - ئادەت بايراملىرى، مىللىي بايراملار ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئاشۇ مەشھۇر بايراملار ئارىسىدا نەۋرۇز بايرىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى بۇ بايرام تۈركىيە، ئىران، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئەزەربەيجان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مۇستەقىللىق بايرىمىدەك داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام يەنە ئەللىككە يېقىن مىللىي رايوندا چوڭقۇر مىللىي ئىپتىخار بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىر دۇنيادا بۇ كاتتا مىللىي بايرامنى ئۆتكۈزىدىغانلارنىڭ سانى 300 مىليوندىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇرلارمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئەنئەنىۋى تەبىئەت بايرىمىنى ئۆزىنىڭ كاتتا مىللىي بايرىمى سۈپىتىدە ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. شۇ جەرياندا قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە «نەۋرۇز مەدەنىيىتى» خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئىپادىلىنىپ، مىللىي ھاياتىمىزدىكى ئەڭ يارقىن ھادىسە سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن.

1933 - يىلى ئاپرېلدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە جىن شۇرېننىڭ بەش يېرىم يىل داۋام قىلغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ 11 يېرىم يىل داۋام قىلغان مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن. ھوقۇقپەرەسلىكتە ئۇچىغا چىققان شىڭ شىسەي ئۆزى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان

**نەۋرۇز مۇبارەك**

12 - ئاپرېلنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى مىللەت تەرىپىدىن بىردەك خاتىرىلىنىدىغان سىياسىي بايرام قىلىپ بېكىتكەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا نەۋرۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 21 - مارت ئۆتكۈزۈلىدىغان نەۋرۇز بايرىمىنى چەكلىگەن. چۈنكى شىنجاڭ خەلقى 21 - مارت نەۋرۇز بايرىمىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، يەنە 20 كۈندىن كېيىن بولىدىغان «12 - ئاپرېل بايرىمى»نى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشكە يېتەرلىك قىزغىنلىق كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا، شىڭ شىسەي ئىككىلەنمەستىن نەۋرۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى چەكلىگەن. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىر مابەينىدىكى جاھالەت تۇمانلىرىدا جەڭگىۋارلىقى زەئىپلىشىپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۇز يەتسىمۇ ئانچە پەرۋايىغا ئالماس بوپكەتكەن، ئەڭگۈشتەر كەبىي قىممەتلىك مىللىي مىراسلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلىشىپ، ئۆتمۈشتىكى ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قۇللارچە بويسۇنۇشقا كۆنۈپ كەتكەن شىنجاڭ خەلقى، شىڭ شىسەينىڭ بۇ يولسىز بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئاتا مىراس مىللىي بايرىمىنى بارا - بارا ئۇنتۇپ قالغان.

1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۇلغىيىشى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە نەۋرۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش قىزغىنلىقى ئاستا - ئاستا شەكىللەندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا، گېزىت - ژۇرناللار سەھىپىلىرىدە نەۋرۇزغا بېغىشلانغان مەزمۇنلار

بەس- بەستە بېرىلىدىغان بولدى. كىشىلەر تۈرلۈك شەكىل ئارقىلىق نەۋرۇز بايرىمىنى داغدۇغىلىق، مەنىلىك، مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، «نەۋرۇز مۇبارەك» دەپ ئۆز ئارا تەبرىكلىشىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، نەۋرۇز بايرىمىنى يىلدىن- يىلغا قىزغىن مىللىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلاندى. بۇنداق ياخشى ئادەتنىڭ ئومۇملىشىشى، مىللىي كىملىكىمىزنى تونۇش ۋە تونۇتۇش مەسىلىسى مۇھىم كۈنتەرتىپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا كىشىنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەقىدىلىرىمىزگە تامامەن يات بولغان «مىلاد(رۇژدېستۋو) بايرىمى»، «ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى» دېگەنگە ئوخشاش ئاللىكىملەرنىڭ بايراملىرىنى قىلچە يەكلىمەي ئاتا مىراس بايراملاردەك بىمالال ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈكۈپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى ياش- ئۆسمۈرلىرىمىزنى پەرق ئېتىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش ۋە مەسىلىلەرگە پرىنسىپال پوزىتسىيە تۇتىدىغان قىلىش سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس! ئۆزىگە مەنسۇپ ئادەت ۋە ئەقىدىلەر بىلەن ئۆزگىلەرگە تەۋە ئادەت ۋە ئەقىدىلەرگە پرىنسىپسىز مۇئامىلە قىلىش، ئاقىۋەتتە، يىنىك بولغاندا مىللىي كىملىكىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ، خالاس!

ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەقىدىلىرىنى ساقلاش، ساپلاشتۇرۇشقا تىرىشىش جەھەتتە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقى، بىزنى پاسسىپ كۈچ بىلەن ئاكتىپ كۈچ، ئەندىشە بىلەن ئۈمىد، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك، ئارزۇ بىلەن رېئاللىق، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق قاتارلىق ئامىللار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا غەرق قىلىدۇ. كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق ئاخىرقى تاللىشىمىز بوپقالىدۇ. گەرچە بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىنىڭ بولۇشى- بولماسلىقى ئەخلاق ۋە قانۇن نۇقتىسىدىن مەسىلە ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى نۇقتىسىدىن ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئىشەنچ ۋە ئۈمىدتىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ھاياتى ھالاكەت غارىغا مەنسۇپ ھايات ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، رېئال تۇرمۇشتا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق گاھىدا ئىچكى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلەنسە، گاھىدا تاشقى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ھايات مۇساپىسىدىكى مۇشكۈل داۋانلاردىن گاھىدا قەلبىمىزنىڭ قات- قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مەنىۋى كۈچكە تايىنىپ ئاشساق، گاھىدا ھەمراھلىرىمىزنىڭ قېرىنداشلىق مېھىر- مۇھەببىتىگە تايىنىپ ئاشىمىز. دېمەك، بىر- بىرىمىزگە ئىشەنچ بېغىشلاپ، ئۈمىدۋارلىق روھىمىزنى ئۇرغۇتۇش، رەھىمسىز رىقابەت قايناملىرىدا مەۋجۇدلۇق ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەخىرسىز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولماقتا.

2009- يىللىق نەۋرۇز بايرىمى مەن ئۈچۈن ئۆز ئارا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بېغىشلاش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئۇنتۇلغۇسىز بايرام بولدى. مەن بۇ يىللىق نەۋرۇز بايرىمىنى ئويلىمىغان يەردىن نەنجىڭدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ستۇدېنتلار بىلەن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. نەنجىڭدىكى شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جۇڭگو دېڭىز- ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان 300گە يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇ يىللىق نەۋرۇز بايرىمىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە شىنجاڭدىن بەش كىشىنى تەكلىپ قىلىشنى ئويلىشىپتۇ. ئۇلار ئارزۇسىنى ئۆزلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار خوتەن چىرىلىق قاشتاش سودىگىرى ئەكبەر ھاجىمغا ئېيتىپتۇ. ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر ئەكبەر ھاجىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ قىزغىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ بېرىش- كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنى ۋە ياتاق خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھاياجانلانغان ستۇدېنتلار مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، كۆڭلىگە پۈككەن بەشەيلەنگە پوچتا ئارقىلىق تېز يوللانما قىلىپ دەرھال باغاق ئەۋەتىپتۇ. باغاق ئەۋەتىلگەن بەشەيلەن — بىر- بىرىدىن بازارلىق رومانلىرى بىلەن تۈرلۈك قاتلامدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا نائىل بولۇپ كېلىۋاتقان داڭلىق يازغۇچى جالالىددىن بەھرام، مول ھوسۇللۇق مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، پەلسەپىۋى پىكىرگە باي ماقالە- ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئابدۇقادىر جالالىددىن، داڭلىق ئاۋاز ئارتىسى ۋە دېكلاماتسىيىچى ئابدۇقەييۇم ئىمىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارىسىدا قىزغىن مۇنازىرە دولقۇنى قوزغايدىغان ماقالە- ئوبزورلارنى كۆپرەك يازىدىغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى — مەن ئىكەنمەن.

بۇ بەشەيلەندىن ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ خىزمەت شارائىتى يار بەرمىگەچكە، بېرىشقا ئامالسىز قالدى. قالغان تۆتەيلەن بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ 19- مارت چۈشتىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭگە قاراپ ئۇچتۇق. ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى يېرىم ئايلىنىپ بوغدا تاغلىرىنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا مەن يېنىمدا ئايروپىلان كۆزنىكىدىن بوغدا تاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان جالالىددىن بەھرام ئەپەندىگە كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن بىر پىلاننى ئېيتتىم. ئىككىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ 20- ئەسىر تارىخىدا

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىغا چىققان ئالاھىدە ۋەقەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ تېمىنى قانداق يورۇتۇش ھەققىدە بىرەر سائەتچە پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئاخىر بىر پىكىرگە كەلدۇق. بىز بۇ پىلاننى بىرەر يىلچە سىر تۇتۇشقا پۈتۈشتۇق. بۇ مېنىڭ 2009 - يىلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىغان پىلانلىرىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولدى دەپ ھېسابلىدىم. ماڭا، بۇ سەپەرنىڭ باشلىنىشىلا خەيرلىك بولغانىدى. بىز تۆت سائەتچە ئۈچۈپ، ئەلياتقۇ بولغاندا نەنجىڭگە يېتىپ باردۇق. قولىلىرىدا گۈل تۇتقان بەھرام باشلىق بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ۋەكىلى بىزنى ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى.

بىز 20 - ۋە 21 - مارت كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە نەۋرۇز ئۆتكۈزدۇق. شادلىققا تولغان چىرايلار، ئوتلۇق تىلەكلەر، قىزغىن سۆھبەتلەر نەنجىڭدىكى بۇ نەۋرۇز بايرىمىنى ئونتۇلماس مەنىگە ئىگە قىلدى. بىز تۆتەيلەن روھى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئوقۇغۇچىلارغا تۇرلۇك تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدۇق. مىجەزى ئوچۇق- يورۇق، ھېكايە سۆزلەش جەھەتتە ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە جالالىددىن بەھرام ئەپەندى قىزىقارلىق بايانلىرى بىلەن ستۇدېنتلارنى تولا كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. قىزغىن ھېسسىياتلىق يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى بولسا ستۇدېنتلارغا دانىشمەن بوۋىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇۋەتتى. ئاۋازى ئادەمنى ئەسىر قىلىۋالىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە دېكلاماتسىيچى ھەم شائىر ئابدۇقەييۇم ئىمىن ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا بىلىپ- بىلمەي سەل قاراپ، ئاسان سادىر قىلىپ قويىدىغان سەۋەنلىكلەردىن قانداق ساقلىنىش، قايسى ئىشلاردىن بەكرەك ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئاكىلىق تەلەپپۇزدا سەممىي سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى خېلىلا سەگەكلەشتۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن روزى سايىتنىڭ داڭلىق شېئىرلىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا چوقۇم ھەل قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك قىممەت قارىشى— كىم ئۈچۈن ۋە نېمە ئۈچۈن ياشاش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشلىك سۆز- جۈملىلەر ۋە تېگى بار، ئويلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە مىساللار بىلەن سۆزلەپ بەردىم. ئوقۇغۇچىلار سۆھبەت جەريانىدا ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ۋە كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرگە ئالاقىدار سوئاللارنى بەس- بەستە سوراشتى. جۇڭگو دېڭىز- ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر قىز جالالىددىن بەھرام ئەپەندىدىن «كۆپىنچە ئەسەرلىرىڭىز تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، جالالىددىن بەھرام ئەپەندىنىڭ «بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران» دەپ بەرگەن ئۆزگىچە جاۋابى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇ تەبىئىي جاۋاب مەندە ئالاھىدە تەسىرات قالدۇردى. رېئالىستىك روھقا ئىگە يازغۇچى پروتوتىپ ئاساسى بار پېرسوناژلىرىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى پەردازلاپ، ئۆزگەرتىپ يېزىشقا ئامالسىز ئىدى. مېنىڭچە، جالالىددىن بەھرام ئەپەندىنىڭ رومانلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ پاجىئەلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھايات قىسمەتلىرىنى كۆرۈپ يەتكەن بىر قىسىم ئوقۇرمەن بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئوبدان بىلەتتى. كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ سەھنىسىگە تېخى قەدەم قويمىغان بۇ ساددا قىز- يىگىتلەر كۆپىنى كۆرگەن ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاچچىق تراگېدىيىدىن ھەيران بولماي قالمايتتى. چۈنكى ئالىي مەكتەپ قورۇندىكى دەرسخانا، ياتاق، كۇتۇپخانا، ئاشخانىدىن ئىبارەت تۆت بۇلۇڭلۇق تار دۇنيادا ياشاپ، رومانتىك ھېس- تۇيغۇلارغا غەرق بولغان ھالدا خاتىرجەم ئوقۇۋاتقان قىز- يىگىتلەرنىڭ نەزىرىدە كىشىلىك ھايات تولىمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇلار رېئاللىقنىڭ تۇز سۈيىدىن بەتتەر ئاچچىق تەمىنى تېخى تولۇقى بىلەن تېتىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئالىي مەكتەپلەردە خىلمۇ خىل غايە- ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئوقۇۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك يىگىتلەر بىلەن بەرنا قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنى قانداق رەڭگارەڭ قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايتتى.

ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى مەندىن «سىز بايا ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا ھەل قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە— كىم ئۈچۈن ياشاش، نېمە ئۈچۈن ياشاشتىن ئىبارەت تۇپ قىممەت قارىشى ئىكەنلىكىنى بەكرەك تەكىتلىدىڭىز. ئادەتتە بىز ھازىرغىچە ئۇستازلىرىمىزدىن ھەم ئاتا- ئانىلىرىمىزدىن ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان گەپ بىلىملىك بولۇش ھەققىدىكى تەربىيە ئىدى. سىز ئىدىيە بىلەن بىلىمنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق؟» دەپ سورىدى. مەن ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىنچىكىلەشتەك تەپەككۇر ئادىتىنى شەكىللەندۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن سۆيۈنگەن ھالدا مۇنداق جاۋاب بەردىم: «ئىدىيە جەھەتتىكى نامراتلىق بىلىم جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ھاياتتا ئىدىيە بىلىمدىن مۇھىم. بىلىم قورال، ئىدىيە يېتەكچى. ئىدىيە بىلىمدىن ئىبارەت قورالنى قايسى مەقسەت- مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى

بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ياپونچىدىن ئىبارەت قورال مەسئۇلىيەتچان ئامانلىق ساقلىغۇچىنىڭ قولىغا چىقسا باشقىلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلىنىدۇ. بەتنىيەت قاراقچىنىڭ قولىغا چىقسا باشقىلارغا ۋەھىمە سالىدىغان نەرسە بوپقالىدۇ. شۇڭا، بىلىمدىن ئىبارەت قورالنى كىم ئۇچۇن، نېمە ئۇچۇن ئىشلىتىش مەسىلىسى ئىشلەتكۈچىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىدىيىسى، ئەقىدىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى ھەرگىزمۇ ئەخلاق- پەزىلەتلىك، دۇرۇس ئادەم بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەقەت يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كىم ئۇچۇن يارامىلىق بولۇشى نېگىزلىك مەسىلە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەقىدىسىز ئالىم بىلەن ئىپپىتىنى سېتىپ ھايات كەچۈرىدىغان ناپاك ئايالنىڭ پەرقى بولمايدۇ. مەسىلەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ رۇسىيە فېدراتسىيىسى مۇستەقىل بولغاندا، رۇسىيىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، خەلق بولكىغا ئۆچىرەت تۇرىدىغان كۈنگە قالغان. دۆلەت ئېغىر قىيىنچىلىققا دۈچ كەلگەن، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ، كۈچلۈك دۆلەتلەر بوزەك قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. رۇس مىللىتى خەۋپ ئىچىدە قالغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم داڭلىق ھەربىي ئالىم دۆلىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىنى، ئۆزلىرىگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى چوڭ ھەربىي سانائەت شىركەتلىرىنىڭ يۇقىرى ئىش ھەققىگە قىزىقتۇرۇپ قىلغان تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي مەنپەئەتتىن ئۆز مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، نەپنى كۆزلەپ ئالدى- كەينىگە قارىماي چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن. دېمەك، ئۇلارنى ئىپپىتىنى سېتىپ جېنىنى باقىدىغان ناپاك ئاياللاردىن پەرقلەندۈرمەك تەس. ئەگەر ئۇ ئالىملاردا كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغان توپ ھايات ئەقىدىسى شەكىللىنىپ بولغان بولسا، دۆلىتى ئۆزىگە موھتاج بولغان ئېغىر كۈنلەردە ئانا تۇپرىقىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىغان، خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان بولاتتى. شۇڭا، ئىدىيە ۋە قىممەت قاراش بىز مەڭگۈ ئالدى بىلەن تەكىتلەيدىغان مەسىلە.»

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوئال سورىماقچى بولۇپ، سورىماقچى بولغان سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ كېتەتتى. گاھىلارنىڭ سوئالى جاۋاب بولۇپ ئىپادىلىنەتتى. سوئاللار جەمئىيەت، ھايات، مائارىپ، ئەدەبىيات- سەنئەت، مىللىي مەدەنىيەت، خىزمەت قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر- بىرىدىن چوڭقۇر، بىر- بىرىدىن ئەھمىيەتلىك ئىدى. بىز تۆتەيلەن بۇ قىزىقىش ۋە ئويلىنىش دائىرىسى كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى جاۋابلىرىمىز بىلەن قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشاتتۇق. ھېچكىمنىڭ ئانا تىلدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ كۆڭۈللۈك سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمەيتتى. ۋاقىت ئۆزىراپ كەتكەچكە، ئاخىر ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سۆز قىلىپ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۈرۈمچىدىن ئۈچ يەشىك كىتاب ئېلىۋالغانىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ بۇ سوۋغىمىزدىن تولىمۇ خۇشھال بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلارمۇ بىزگە مەنىلىك قىلىپ «پىكاسسو» ماركىلىق داڭلىق قەلەمدىن بىردىن سوۋغا قىلدى. جالالىددىن بەھرام ئەپەندى بىزگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ: «بىز سىلەرنىڭ ئەتەي قەلەم سوۋغا قىلغانلىقىڭلاردىن ھەم مەمنۇن بولدۇق ھەم بېسىم ھېس قىلدۇق. بىز سىلەر سوۋغا قىلغان مۇشۇ قەلەم بىلەن خەلقىمىزنى رازى قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا تىرىشىمىز. سىلەر بەرگەن بۇ قەلەمنىڭ سىياھىسىغا ھەرگىزمۇ سۇ قوشۇپ قويماسلىققا ۋەدە بېرىمىز» دېدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ كاتتا يازغۇچىنىڭ سۆزىگە ئۈزاق چاۋاك چېلىشتى. شۇ چاغدا ئېسىمگە شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى كەلدى:

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياھقا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم.

جۇڭگو دېڭىز- ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىزگە «شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى»دىكى كىتاب ئىشكاپىنى ۋە ئىشكاپتىكى كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى بىر- بىرلەپ كۆرسەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىل- مەدەنىيىتى بىلەن بولغان چوڭقۇر رىشتىسىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە بىر ئاماللار بىلەن بۇ ئەپچىل «تارىم كۇتۇپخانىسى»نى بەرپا قىلىپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۇتۇپخانىسى بىزنىڭ زوقىمىزنى خېلىلا قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئانا دىيارىدىن يىراق جايدا ئوقۇش ۋە ياشاش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت يىلتىزىغا بولغان ئوتتەك قىزغىن ھېسسىياتىنى ساقلاپ ۋە كۈچەيتىپ ئۆتىۋاتقانلىقى بىزگە ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ بىر ئىشكاپلىق «تارىم كۇتۇپخانىسى»نى زورايتىش ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا چىقارغان مۇراجىئەتنامىسىنى ئوقۇساق مۇنداق قۇرلار چاقناپ تۇراتتى: «ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلۈپ تەڭ كۈچەيدىغان بولساقلا، كۇتۇپخانىمىزدىن ئىبارەت بۇ كىچىك ئېقىن چوقۇم تارىم دەرياسىدەك زور ئېقىنغا ئايلىنىپ، چاڭقىغان دىللارنى قاندۇرغۇسى!»

جۇڭگو شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار

بىزگە يېگىدىن تولمۇ ئازادە ھەم رەتلىك سېلىنغان ئانا مەكتىپنى تولۇق دېگۈدەك كۆرسىتىپ چىقتى. خاتىرە ئۈچۈن بەس ـ بەستە سۈرەتكە چۈشتى. ئۇلار ئالاھىدە تەييارلىغان قىزغىن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بىلەن نەۋرۇز شادلىقىنى ئەۋجىگە چىقاردى.

بىز نەنجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن نەۋرۇز بايرىمىنى بىرگە ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى، مىللىي ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، مىللىي مەدەنىيىتىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى، مىللىي كەمسىنىش تۇيغۇسىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. نەنجىڭدىكى نەۋرۇز پائالىيىتى جەريانىدا تۇساتتىن شاڭخەيدىن كەلگەن نۇرسىمانگۇل ئىسىملىك بىر ستۇدېنت پەيدا بوپقالدى. ئۇ قىز بىزگە ئۆزىنىڭ شاڭخەي مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ نەنجىڭگە نەۋرۇز پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ، شاڭخەيدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن شاڭخەيگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بۇ قىزنىڭ 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئاتايىتەن كەلگەنلىكىگە قاراپ تەسىرلەندۇق. ئاخىر مەسلىھەتلىشىپ «بارايلى» دېدۇق. دانىيىنىڭ بىر خەلقئارالىق چوڭ شىركىتىنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدىكى تارمىقىدا ئىنژېنېرلىق قىلىدىغان ئاسىمجان ئىسىملىك قورغاسلىق ياش مۇتەخەسسىس بىزنى شاڭخەيگە بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئاسىمجان نەنجىڭدىن شاڭخەيگىچە بولغان سەپەردە بىزگە ئىچكىرىي ئۆلكىلەردىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئۆزىگە ئوخشاش ياشلار ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئۈچۈر سۆزلەپ بەردى. بىز ئۇلارنىڭ رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم، قابىلىيەت ۋە ساپا جەھەتتە باشقىلارنى قايىل قىلىپ، يۇقىرى ئىش ھەققى ئېلىپ، تېگىشلىك ھۆرمەت تېپىپ ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق.

نەنجىڭدىن شاڭخەيگىچە بولغان سەپەردە جالالىددىن بەھرام ئەپەندى نەنجىڭدىكى ستۇدېنتلاردىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىككى كۈن جەريانىدا ئۇلارغا ئىچەكىشىپ ئامراق بوپقالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قارشى ئالغان، ئۇزاتقان چاغدىكى ھاياجانلىق چىرايلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى نەنجىڭدىكى نەۋرۇز پائالىيىتىنىڭ ھەققەتەن ئۇنتۇلغۇسىز بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ئەكبەر ھاجىمغا رەھمەت ئېيتتى.

ئەكبەر ھاجىم كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر بولغاچقا، نەۋرۇز پائالىيىتى جەريانىدا باشتىن ئاخىر سوئال ـ سۆھبەتلەردە بىرگە بولۇپ بىز توغرۇلۇقمۇ چوڭقۇر تەسراتقا ئىگە بولغانىدى. ئۇ بىزگە بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئويلىغىنىدىن ئارتۇق بولغانلىقىنى، مۇشۇنداق ئۇچراشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەشكىللەشكە كۈچ چىقىرىپ، ستۇدېنتلار بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن بىلدۈردى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارنى سېتىۋېلىپ، نەنجىڭ، شاڭخەيدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بىردىن «تارىم كۇتۇپخانىسى» قۇرۇۋېلىشىغا كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

2009 ـ يىل 5 ـ ئاپرېل، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى(M3)،(M1)

## بەخت ـ سائادەت ۋە ياخشى نامدىن يىراق سەككىز خىل كىشى

ئۇلۇغ ھەكىملەر سەككىز خىل كىشىنىڭ بەخت ـ سائادەت ۋە ياخشى نامدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بىرىنچىسى: قورساق تويغۇزۇش مەقسىتىدە باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تەكلىپسىز بارغان كىشى.

ئىككىنچىسى: ئۆي ئىگىسىدىن قۇدرىتى يەتمىگەن نەرسىنى تەلەپ قىلغان كىشى.

ئۈچىنچىسى: تۆر تالىشىپ، تۆردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ جايلاشقان كىشى.

تۆتىنچىسى: ئاچ كۆز كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ھاجەت تەلەپ قىلىپ بارغان كىشى.

بەشىنچىسى: دۈشمىنىدىن مەدەت ۋە ياخشىلىق ئۈمىد قىلغان كىشى.

ئالتىنچىسى: بارغانلا يېرىدە خىجالەتچىلىك پەيدا قىلغان كىشى.

يەتتىنچىسى: ئالىملارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان كىشى.

سەككىزىنچىسى: يىغىلىشتا ھېچكىم گېپىگە قۇلاق سالمايۋاتقان بولسىمۇ، گەپ قىلىۋېرىدىغان كىشى.

---

1896 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تېۋىپلار دەستۇرى» (تۈركچە) دېگەن كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر باختا بازىرىدىن ھۈسەيىن ئىمىنھاجى(M2)

www.uyghurkitap.com



# زىيالىيلارنىڭ كەملىكى ۋە رولى ئۈستىدە ئويلىنىش

## — ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ 45 ياشقا، ئەسەد سۇلايماننىڭ 40 ياشقا تولغان خاتىرىسىگە

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش**

ئىلاۋە: ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يېڭى بىر رېئاللىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مەۋجۇد مەسىلىلەرگە كۆز تىكىش، زىيالىيلىق رولى ۋە بۇرچىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش، چۈشكۈنلۈككە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدىن دەۋر تەقەززا قىلىۋاتقان نەتىجىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەربىر مەسئۇلىيەتچان زىيالىي ئويلىنىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. بۇ يازمىدىكى ئىككى باش قەھرىمان ئۇيغۇر رېئاللىقى ئۈستىدە جىددىي ئويلانغان، قەلەم تەۋرەتكەن بىكەرى ئويغاق زىيالىيلاردۇر. مۇساپىرچىلىقتا ئۇلارنى سېغىندىم، كاللامغا ھېلىدىن ھېلى دەۋرەپ كېلىۋاتقان بىكەرلەر ئۈستىدە ئۇلار بىلەن خىيالەن مۇڭداشتىم. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئالدىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جىقلىقى، زىيالىيلارنىڭ ئۆز رولىنى تونۇپ، ئەجايىپ ئۆرۈنۈشلاردا بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىن ۋە ئەسەد سۇلايمان نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدىغان زىيالىيلاردۇر. 2009 - يىلى 11 - مارت ئابدۇقادىر جالالىدىن 45 ياشقا، 1 - ئاپرېل ئەسەد سۇلايمان 40 ياشقا كىردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇچرىشىشلار، پىكىر ئالماشتۇرۇشلار داۋامىدا ماڭا تەسىر قىلغان، ئىدىيەمنى زەرەتلىگەن ئىشلارنى، ئۇششاق تەپسىلاتلارنى راست ئىشلار خاتىرىسى سۈپىتىدە يازدىم؛ ئاندىن ئۇلار بىلەن خىيالەن مۇڭداشقىنىمدا ئويلىغان نۇقتىلارنى زىيالىيلار بىلەن تەڭ ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە يازمىنىڭ ئاخىرىدا مۇھاكىمىگە قويدۇم. مېنىڭ قارىشىمچە، دىلى بىلەن ئەمەلىيىتى ئوخشايدىغان، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى تونۇغان بىكەر ئەگەلىرى شاگىرتلار ئۈچۈن ئۈنسىز بىر مەكتەپ. ئۇلارنىڭ شاگىرتلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۆز ئۆلچىرىدىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ زىيالىيلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شاگىرتلار ئۆزىگە تەسىر قىلدىغان نۇقتىلارنى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا يېزىپ چىقسا، زىيالىي قالىپقى

### «ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»

كېيىۋالغان ئىلىم ئىگىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەققىدە بىر قېتىم ئويلىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلالايدۇ. ماڭا ھازىرغىچە ئوخشىمىغان ساھەلەردە تەسىر قىلىپ كېلىۋاتقان قەدىردان كىشىلەر بۇ يازمىدىكى ئىككى زىيالىي بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. كېيىن ئىمكانىيىتىم يار بەرسە باشقىلار توغرىسىدىمۇ يېزىشىم مۇمكىن. ئەمما بۇ قېتىم يازغانلىرىم بۇ ئىككى ئۇستازنىڭ ئىدىيىسى، ئىلمىي ئەمگىكى ھەققىدىكى باھا ئەمەس. خۇدا راۋا قىلسا، جان تەندە ئامان بولسا، يۇقىرىقى ئىككى زىيالىينىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ۋە ئىدىيىسى ھەققىدە ئۇلار 50 ياشقا كىرگەندە بىر قېتىم قەلەم تەۋرىتىش ئويۇم بار.

— ئاپتوردىن

— سەۋەب كىشىلەر ئۆزىدىكى پىكىرلەرنىڭ مەنبەسىنى، دەۋاتقانلىرىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەي ئەمەلەرۇپ قىلىۋاتقانلاردىن ئەمەس؛ ئەشۇنداق ماشىنىسىدا ۋەكالىتەن سۆزلەۋاتقانلاردىن ئەمەس! ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، جامائەتچىلىك ئالدىدا نازىلىنىشقا ئامراق ئەربابلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ھەقىقىي كۆيىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن سۆزلەۋاتقان ئادەملەردىن ئالىدۇ. بۇنداق پىكىردىن ئوزۇق ئېلىش جەريانى كۆپىنچە ئاشۇ پىكىر قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئۇلارنى غىدىقلىغان دەملەردە يۈز بېرىدۇ.

— جون ستۇئارت مىل[1]

# مۇساپىرچىلىقتا ئابدۇقادىر جالالىددىننى سېغىنىش

## پىكىر زەرەتلەيدۇ

— ئۆزىڭىزگە رەھىمسىز بولۇڭ، زۇلپىقار!

بۇ — ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ مەن ئەڭ جىق ئەسلەيدىغان گېپى. ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىشلار بەكمۇ جىق. بەزىدە چۈشكۈنلىشىمەن، خىيالىڭ، ئايىغى چىقماس گاڭگىراشلارنىڭ ئېزىقتۇرۇپ قويىدىغان چاغلىرى كۆپ بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمگە توختىماي جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمەن، ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ لوندوننى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ياتىقىغا تېلېفون بەرگەن ۋاقتىمدا دېگەن يۇقىرىقى سۆزى ئېسىمگە كېلىدۇ. ۋەزنى نېمىدېگەن ئېغىر سۆز ـ ھە! كۆپىنچە ھالدا ئادەمنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۆزىگە جەلپكار بىلىنىپ كەتكەن نەرسىلەرگە مەست بوپكېتىشتىن، يارىماس ئادەتلەرنىڭ توسالغۇسىدىن، ئالدامچى ھېسلاردىن كېلىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ئۆزىگە رەھىمسىز بولۇشى، ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلىشى بەكمۇ تەس.

«ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا ئۆزىگە رەھىمسىز بولۇشنى مۇساپىرچىلىقتا ئاللىبۇرۇن ھېس قىپتىكەن ـ دە!» دەپ ئويلايمەن ماڭدام ـ ماڭدامدا بۇ گەپنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلغان چاغلاردا. ئالدىرايمەن، ئۆزۈمنى ھەيدەيمەن؛ ۋاقتىم سەل بىكار كېتىۋاتقاندەك، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن. چۈنكى ماڭا بۇ يەردە بېرىلگەن ۋاقىت تولىمۇ قىس، مۇھىم ئىشلار بىلەن ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلارنى ئايرىش بەك تەس. راھەتپەرەس ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن ھېلى كىتابنى يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇم كېلىدۇ؛ ھېلى يالغۇزچىلىق، غېرىبلىق جانغا پاتقاندا كىملەردۇر بىرسىگە تېلېفون قىلىپ مۇڭداشقۇم كېلىدۇ؛ ھېلى ئايىغى چىقماس خىياللار، رېئاللىقىمىزنىڭ بىزگە تالىق بولماسلىقىدا تېگىشلىك ئازابلىرى گاڭگىراتقاندا مەن ئۆزۈمگە جەڭ ئېلان قىلىش، ئۆزۈمگە رەھىمسىز بولۇش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. مەن بۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنى، ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىشنى ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن سىناپ باققان. ئەمما، بۇداقىسىنىڭ ئەھمىيىتى ئوخشىمايدۇ. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۇنى تىنماي پاسسىپلىققا، ئەبگارلىققا، تۇگۇلۇۋېلىشقا چاقىرىپ تۇرىدىغان بىر رودىپاي كۈچ بولىدۇ. كۆپىنچە ھالدا ئادەملەر ئاشۇ رودىپاي كۈچنىڭ چىرىتىشى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن بولىدۇ، ئۆزىنى ئۆزلۈك تۈرمىسىگە قامىۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ كاللىسى بىر قاراڭغۇ زىندانغا ئوخشايدۇ. لېكىن بىلمەسلىكنىڭ ئازابىنى، ئۆز كاللىسىنىڭ زىندانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىش بەختى جىق ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پات ـ پات شۇنداق شۇئىرلايمەن: «مېنىڭ ئۆزلۈك مەھبۇسلىرىدىن بوپقالغۇم يوق، ئۆزۈمگە رەھىمسىز بولۇشۇم كېرەك!»

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا ئۆزىگە رەھىمسىز بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان. پروفېسسورلۇقنى ئېلىپ بولغان، شارائىتى شۇنداق ياخشى چاغلاردا رېئاللىقنىڭ ئۆتكۈنچى، ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدانماي، ئىزدىنىش سەپىرىگە ئاتلاندى. بۇ سەپەر مۇساپىرچىلىقتىن ئۆزى ۋە ئۆز قوۋمىنىڭ كىملىكى، مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا، ئورغۇن

سوئالغا جاۋاب تېپىشقا، ئاندىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندەيدىغان سەپەر ئىدى. بۇ سەپەر ئادەمگە يالغۇزچىلىقنىڭ ئۇنچە قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۆزىگە رەھىمسىز بولمىسا ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى ھاڭنىڭ شۇ پېتى ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇتىدىغان سەپەر ئىدى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئۆز ئىزىغا سەكرەيدىغان بىر قىسىم زىيالىيدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەم ماڭا تەسىر قىلىدىغان يەرلىرىنىڭ بىرى، دەل ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلالايدىغانلىقىدا، توختىماي پىكرىنى يېڭىلاپ تۇرالايدىغانلىقىدا. مەن ئۇنىڭ «ئۆزىڭىزگە رەھىمسىز بولۇڭ!» دېگەن بىر ئېغىز گېپىنىڭ ۋەزنىنى مۇساپىرچىلىقتا تالاي قېتىم ھېس قىلغان. مېنىڭمۇ دېڭىز بويلىرىغا بېرىپ سۇ ئۈزگۈم، كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەت تورى ئورناتقۇم، كۆڭلۈم تارتقان ئىشلارنى قىلغۇم كېلىدۇ. ئەمما، كۆڭۈل كۆپىنچە ھالدا ئادەمنى زاۋاللىققا، چىركىن بىر روھىي مەنزىلگە ئۈندەپ تۇرىدىكەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمگە رەھىمسىز بولۇشۇم كېرەك. گەرچە بۇنداق «كېرەك»لەر ئادەمگە بېسىم بولسىمۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئۇكام. بۇ زىمىستاندا قەلبىمىزنىڭ گۈللىرى ئۈششۈپ قېلىۋاتقان يەردە، بۇ گۈل ئۈششۈپ قالسا نېمە بوپتۇ!

بۇ — ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا 2000 - يىلى 1- يانۋاردا ئۆيىدە دېگەن گەپ ئىدى. شۇ كۈنى مەن ئۆزۈم دەرس بېرىدىغان بەش ئوقۇغۇچۇم بىلەن ئۇرۇمچىدىكى ئالتە مۇنەۋۋەر زىيالىينىڭ ئۆيىنى يېڭى ئېرا ۋە يېڭى ئەسىر كىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن يوقلاپ بارغانىدىم. نۆۋەت ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە كەچ كىرىپ كېتىپ، قولىمىزدا كۆتۈرۈۋالغان گۈل ئۈششۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۈششۈگەن گۈلنى خىجىللىق ئىچىدە سۇندۇم ۋە گۈلنىڭ ئۈششۈپ قېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى چاقچاق ئارىلاش بىر ئېغىز گېپى ئارىدىكى ياتسىراشنى تۈگەتتى. بۇ مېنىڭ ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشۈم ئىدى.

ئېپتار ۋاقتى بولغاچقا، ئۇستازنىڭ ئايالى جەمىلە ھەدە شىرەگە نەچچە پىيالىدە سۇ ئەكەلدى. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بىلەن بىرگە ئېغىز ئاچتۇق (شۇ يىلى روزا ھېيت يېڭى ئېرا ۋە يېڭى ئەسىر ھارپىسىدا كەلگەنىدى). ئېغىز ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر ئاكا ھەر بىرىمىزگە بىردىن بانان سۇندى. ھەر بىر ئوقۇغۇچۇم بىلەن بىر - بىرلەپ سۆزلىشىپ چىقتى.

— تۇرگېنېفنىڭ «تۇنجى مۇھەببەت» دېگەن پوۋېستىنى سىز تەرجىمە قىپتىكەنسىز - دە ! — ئارىلىقتا ئەدەبىيات تەرجىمىلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋېتىپ ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا شۇنداق دېدى، . بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ماڭا بەك يارايدۇ، ياخشى تەرجىمە قىپتىكەنسىز. ئەمما - زە، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دېگەن رومانىنى تەرجىمە قىلغۇچە باشقا ئەسەرنى تەرجىمە قىلىدىغان گەپكەنتۇق.

— بۇ ئەسەرنىڭ ئۇزۇن يېزىلىپ كەتكەنلىكى پاكىت، — دېدىم مەن، — شۇ چاغدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئۇ رومانىنى تەرجىمە قىلىش پىلانى تەستىقلىنىپ بوپتىكەن. راخمان مامۇت ئاكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ياسىن سىيىت ئاكا بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغانتۇق. شۇ چاغدا شۇنداق بوپقالدى.

— بىزدە ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا تاللاپ ئولتۇرماي تەرجىمە قىلىۋېرىدىغان تەرجىمانلار بەك كۆپ. بىر تەرجىماندا ئەسەر تونۇيدىغان كۆز ۋە بەدىئىي دىت بولۇشى كېرەك. بىزدە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ بولىدىغان ئىمكانىيەت يوق. شۇڭا ئەسەرنى تونۇپ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردە بېرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغىنى ياخشى. ئىنگلىزچە بىلىدىكەنسىز، بولسا، ھېمىڭۋاينىڭ ھېكايىلىرىنى بىر تەرجىمە قىلىماسسىز. ئەدەبىيات تەرجىمانىدا خاسلىق بولۇشى كېرەك. بىزدە تالانتىنى تاپىنى يوق ئەسەرلەرگە نابۇت قىلىۋەتكەن تەرجىمانلار بەك كۆپ. ئەسلىي، تەرجىمىچىلىكنىڭ رولى بىزگە بەك مۇھىم ئىدى. سىزنىڭ مۇتەپەككۇرانە تەرجىمان بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۇرلۇك سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ شۇ كۈنى دېگەنلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولالمىدىم. توغرىراقى، ياش ۋاقتىمدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ بولغاچقا، بىر نەچچە ساھەدە تەڭ ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى. گەرچە ھېكايىلىرىدە ئاددىي ئەمما ئوبرازلىق تىل، يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئۆز قەلبىدىكى چوڭقۇرلۇقنى سىڭدۈرۈۋەتكەن، 1954- يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكا يازغۇچىسى ھېمىڭۋاي (1899 - 1961)نىڭ « كىلىمانجارۇ تېغىدىكى قار»، «ئۇرۇشقاق»، «پىلدەك تاغلار»، «قاتىللار» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان بولساممۇ، ۋاقىت يېتىشمەي، قالغان ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولالمىدىم. ئەمما ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ شۇ كۈنى ئەدەبىيات

تەرجىمانىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە ئەدەبىيات تەرجىمىچىلىكى ھەققىدە قىلغان گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. كېيىن ۋاقتىم يار بەرگەندە ئەدەبىيات تەرجىمىسىگە يەنە كىرىشىش ئويۇم بار.

كېيىن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ئۇ، پىكىرلىشىشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، پىكىر ئىچىدە ياشايدىغان ئادەم ئىدى. ئەمما، تۇزۇك پىكىرلەشكۇدەك ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئىچى پۇشاتتى. «ئەي دىلبەر، مېنىڭ قەلبىم ئېچىلمىغان بىر كىتاب. كەل، قەلبىمنى ۋاراقلا. مېنىڭ قەلبىم ۋاراقلىنىشنى ئىستەيدۇ» [2] دەپ يازغانىدى ئۇ بىر نەسرىدە. ئۇنىڭ مەتبۇئات يۈزىدە دېگەنلىرى ئويلىغانلىرىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى ئىدى. مەن پات ـ پات ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلايتتىم. ئۇ، ئېچىلمىغان بىر كىتاب ئىدى. ھېلىقى ئۇششۇك گۈلنى سوۋغا قىلىپ قايتقان كۈنى بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچۇم: «ئابدۇقادىركام پىلموتنىڭ ئۆزىكەنغۇ ! نېمىدېگەن بىلىملىك، تىرىك لۇغەتنىڭ ئۆزىكەنغۇ. گەپلىرى تەسىر قىلدى»دېدى. ئۇ ئەسلىدە ئاتا ـ ئانىسىنى پات ـ پات قاقشىتىدىغان، ئۆزىنى تازا باشقۇرالمايدىغان شەھەرلىك بالا ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ۋە مېنىڭ دەرسلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇ بالا ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندى، مەن بىلەن پات ـ پات مۇڭدىشىدىغان بولدى. ئۇ، پات ـ پاتلا «ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ قېشىغا قاچان ئاپىرىسىز؟» دەيتتى. بۇ ــ ۋاستىلىك تەسىر قىلىشنىڭ كۈچى ئىدى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا ھېس قىلالىغانلار ئۈچۈن بىر مەكتەپ ئىدى؛ پەزىلىتى، بىلىمى بىلەن قېتىلىپ ئادەمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. ئۇنى نۇرغۇن ئادەم كۆڭلىدە چوڭ بىلىدۇ؛ ئۇنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ قەدىمى، تېلېفونى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىش تاپالمايۋاتقان ئوقۇغۇچى، ئەدەبىيات كوچىسىدا يېڭىدىن تەمتىلەپ كېلىۋاتقان ھەۋەسكار، ھەتتا نىكاھ ئىشىدا مەسلىھەت سورىماقچى بولغان ھاجەتمەنلەرمۇ بار. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ يەنە يېتىشىدۇ. نۇرغۇن زىيالىي ئابستراكت ئۇيغۇرنى سۆيىدۇ، كونكرېت ئۇيغۇرنى سۆيمەيدۇ. خەلقىنىڭ يارىماس ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىدە شۇنداق يارىماس ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى تۇيمايدۇ ياكى تۇيسىمۇ ئۆزگەرتمەيدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا ئۇنداق ئەمەس. ئۇ، تۇرمۇشتا دېگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا تەسىر قىلدىغان يەنە بىر تەرىپى، دەل دېگەنلىرىگە ئەمەل قىلىپ ياشايدىغان زىيالىي بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى پەزىلەت ئىگىسىنىڭ ئادەمنى ئۇنىسىز تەربىيىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ 2004 ـ يىلى تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ سوۋغا قىلغان بىر كىتابقا نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامىينىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ يازغان «ئەجرىنى دەجلىگە قىلساڭ، ھوسۇلىنى فراتتىن ئالىسەن» دېگەن گېپى پات ـ پات ئېسىمگە كېلىدۇ. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە خەلقىم ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ھېس قىلىشقا، مېنى ئەمەلىي ئىش قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان بىر كۈچ بەلكىم ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بىلەن ئۇچرىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا يېتىلگەن بولسا كېرەك.

2008 ـ يىلى ماينىڭ ئاخىرلىرىدا مەن يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە قايتتىم. بىر كۈنى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بىلەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدىدىكى «نۇرلۇق» يولىدا كېتىۋاتاتتۇق. پىيادىلەر يولىدا هارۋىدا ئۆرۈك سېتىۋاتقان باققالغا كۆزۈم چۈشتى. بۇ، جەنۇبتا ئۆرۈك يېڭى پىشقان چاغلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇساپىرچىلىقتا يۇرتنىڭ مېۋىلىرىنى تازا سېغىنغانىدىم.

ــ قانداق ساتتىڭىز؟ . سورىدىم مەن.

ــ كىلوسىنى ئالتە كويدىن ساتتىم، ــ دېدى باققال.

ــ ئەرزانراق بەرمەمسىز؟ ئىككى كىلوسىنى 10 كويغا بېرەمسىز؟ . سورىدىم مەن.

ــ بېرەي، بوپتۇ، ئېلىڭلار، ــ دېدى باققال قىزىرىپ پىشقان ياغلىق ئۆرۈكلەرنى خالتىغا سېلىپ تارازىغا قويغاچ. باققالنىڭ ساقىلى ئۆسۈك، ئۇزايىدىن غەم بېسىۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. هارۋىسىدا ئۆرۈكتىن باشقا مېۋىلەر كۆرۈنمەيتتى. هارۋىسىنىڭ تارتىۋېلىنىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئاسما كۆۋرۈكنىڭ دالدىسىدا تۇرۇۋالغانىدى. «كوچا باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ چارلاپ كېپقېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ ــ دە، بۇ بىچارە» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

پۇلنى بەرمەكچى بولۇۋىدىم، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا: «جىم تۇرۇڭ، سىز دېگەن مېھمان» دەپ پۇل تۆلىگىلى قويمىدى. مېڭىش ئارىلىقىدا ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا باققالدىن سوراپ قالدى:

ــ باشقا مېۋىلەرنى قېتىپ تىجارەتنى چوڭراق قىلىشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟ قارىسام، هارۋىڭىزدا ئۆرۈكتىن باشقا مېۋە يوقكەن. بۇنىڭدىن ئۇنچە جىق كىرىم قىلغىلى بولماس.

ــ قولدا دەسمىي يوق، شۇ، ــ دېدى باققال ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالغاندەك بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، ــ يۇرتتا يەردىن پايدا ئالالماي ئۈرۈمچىدە بىر گەپ بولار دەپ خوتۇن ـ

بالىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئىچكىنىمىز. ئىش - ئۇۋاقىت ھېچبىر ئەپلەشمەيۋاتىدۇ. ئالدىنقى ھەپتىلا بىر ھارۋىنى تارتىۋېلىشتى. ئانچە- مۇنچە مىدىراپ تۇرمىساق بولمايدىكەن!

— بالىلارچۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئۆيدە ئاپىسى بىلەن، — دېدى باققال ئەھۋالىنى سورىغىنىمىزدىن خۇشھال بولغاندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

بىز غەربىي چوڭ كۆۋرۈكتىكى «خەلق» باغچىسىدا پاراڭلىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتۇق. باققالنىڭ يېنىدىن كېتىۋېتىپ قەدىمىم ئېغىرلاشقاندەك بولدى. ئىككىلىمىز بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتۇق. ئارىدا سۈكۈت. بۇ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان ئىزتىراپلىق سۈكۈت ئىدى.

— 1994 - يىلى قاغىلىقتا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن باردىم، — دېدى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا ئاخىرى ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، — بىر ئىشنى ھازىرغىچە شۇنداق خىجىللىق بىلەن ئەسلەيمەن. بىر كۈنى كوچىدا شاپتۇل سېتىۋاتقان بىر يىگىت بىلەن ئۇچراشتىم. شاپتۇل يېگۈم كېلىپ «كىلوسى نەچچە پۇل؟» دەپ سورىدىم. «بىر كوي ئالتە مو...» دەپ جاۋاب بەردى يىگىت. «بىر كوي ئىككى مودىن بېرەمسىز؟» دەپ باھادا تالاشتىم. تالىشىپ يۈرۈپ بىر كوي ئۈچ مودىن ئىككى كىلو ئالدىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، شۇ چاغدا ياخشى قىلماپتىكەنمەن. شۇ بالىلارغىمۇ تەس. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى جېنىغا پاتقان شۇ بالا بىلەن باھا تالىشىپ يۈرگىنىمنى ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا ئاخىرقى گەپلەرنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ھېسسىياتلىق ئاۋازدا دېدى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ كۈلۈمسىرىشىدە، ھەرقانداق ئوينى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان ھېسسىياتلىق ئاۋازىدا ئادەمگە ھۇزۇر ۋە پىكىر ئاتا قىلىدىغان بىر مەنە بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن مۇڭداشقىنىمدا، ئۇنىڭ ئاشۇ تەبىئىي كۈلۈمسىرەشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى.

ئۇ مېنى خىجىل قىلغۇدەك ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، يۈزۈمنىڭ قىزارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىچىمدە، بايا ئۆرۈك ساتقان كىشى بىلەن باھادا تالاشقىنىمغا خىجىل بولۇۋاتاتتىم.

— باھا تالىشىپ سەت ئىش قىپتىمەن، دېمىسىمۇ بىچارە ئادەملىرىمىزگە تەس.

— ياق- ياق، ھېچقىسى يوق. مەن قاغىلىقتىكى ئىشلارنى سىزنى خىجىل قىلىش ئۈچۈن دېمىدىم، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى، — ئىنكاسىڭىز تېز جۇمۇ سىزنىڭ. بۇنداق ئىشلار

بولۇپ تۇرىدۇ.

يازلىق تەتىلدە جەمئىيەت كۆزىتىش، كوچا ئايلىنىش داۋامىدا ئۇرۇمچىدە ئۇ كۈنى كۆرگەندىكىدىنمۇ بەكرەك غەمكىن باققاللارنى، دۆڭكۆۋرۈكتىكى، جەنۇبىي قوۋۇقتىكى يەر ئاستى ئۆتۈشمە يوللاردا ئاۋۇپ قالغان ئۇيغۇر تىلەمچىلەرنى، كوچىلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، دالىدىدا ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان مايلامچى بالىلارنى، بولاقبېشى كوچىسىدىكى قىستىلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن، چەكلىك، تارغىنە دائىرىگە ئىلاجىسىزلىق ئىچىدە يىغىلىۋالغان تىجارەتچىلەر قاتارىدا چىرايىدىن مەسۇملىكى چىقىپ تۇرىدىغان سەبىي ئوسمىچى قىزلارنى ئۇچراتتىم. كۆزىتىشىمچە، ئۈرۈمچىنىڭ كوچا - كويلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان بوۋايلار، ئايallar، بالىلار كۆپىيىپ، مايلامچى بالىلار ئازلاپ قالغانىدى. كېيىن ئۇقسام، ئولىمپىك تەييارلىقى بىلەن مايلامچى بالىلارغىمۇ تۇزۇك جاي قالمىغانىكەن. مانا ئاشۇنداق مەنزىرىلەر ۋە ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بىلەن ئۇچراشقان چاغدا قىلىشقان پىكىرلەر مېنى بىر ئىش قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. مەن ئۆزۈمدىن «بۇ رېئاللىق ئۈچۈن نېمە قىلالايمەن؟»دەپ سورايمەن. باشقا ئىش قىلىم بېرەلمىگەچكە، ئىلاجىسىز كىتابىنىڭ، قەلەم - قەغەزنىڭ قېشىغا يۈگۈرىمەن. گويا ئاشۇ پىكىرلەرگە ۋاقتىدا جاۋاب تاپمىسام مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغاندەك. بەزىدە پىكىرلىشىش ئۈچۈن ھەمراھ ئىزدەيمەن. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا ھاياتىمغا تەسىر قىلغان بىر نەچچە زىيالىي قاتارىدا ماڭا پىكىرنىڭ، رېئاللىق ھەققىدە تىنىمسىز ئويلىنىپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا بىر تۈركۈم تالانت ئىگىسىنىڭ بارلىقى راست. ئەمما، گەپنىڭ جىق، ئەمەلىي ئىشنىڭ ئاز، باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلارنىڭ تېخىمۇ ئازلىقى راست. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى بوش ساھەلەر(تەبىئىي پەنلەردە مەن كەسىپ ئەھلى بولمىغاچقا، بۇ ساھەلەردە قانداق بوشلۇقلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەشكە ئاجىزمەن)، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى، ئەمما ئىش قىلىۋاتقانلارنىڭ ئازلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل رېئاللىق ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنى كۆپ قىرلىق ئىزدىنىشكە، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي رولlarنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئاتالغۇ بار ئىدى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا «بۇ، تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ ئىشى» دەپ ئولتۇرماي، يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئېلىش

ئۈستىدە باش قاتۇردى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئەبجەش يازما، ئېيتىم، كۈلتۈر، ئىلخەت...» قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاتالغۇلىرى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئومۇملاشتى. ئۇ يەنە پەلسەپە نامراتلىقىنى يوقىتىش مەقسىتىدە پەلسەپە ساھەسىدىمۇ ئىزدەندى ۋە بۇ ئىزدىنىشلىرىگە تەرجىمىنى كۆۋرۈك قىلىپ، نىچشېنىڭ «زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، ئادلېرنىڭ «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، ماكياۋېللىينىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» قاتارلىق كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ھەركىمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ساھەسىدە ئىشلىگۈسى كېلىدۇ. ئەمما رېئاللىقىمىزدا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە پىكىر نامراتلىقى، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ يېتەرسىزلىكى بىر پاكىت. قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جىقلىقى پاكىت. بۇ ھال ئادەمنى كۆپ قىرلىق ساھەدە ئىش قىلىشقا، ئالدىراشقا مەجبۇرلايدۇ.

يېقىندا ئابدۇقادىر جالالىددىننى چۈشەنمەي ئىنتېر توردا تەنقىد قىلىش دولقۇنى قوزغىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەنقىد قىلىشتىكى مەقسىتى، ئۇسۇلى توغرا بولماسلىق سەۋەبىدىن كۆپلىگەن تورداشنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. مەن ئاشۇ ئىنكاسلاردىن ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ، ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇكسەكلىكىنى، خەلقىنىڭ كىمنىڭ ھەقىقىي ئىش قىلالايدىغانلىقىنى ئايرىيالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، پىكىرنىڭ، ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان ئادەم، ئىلىم سەممىيىتى يېتىلدۇرگەن زىيالىي بىراۋنىڭ ئۆزىنى ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ تەنقىد قىلىپ بېقىشنى كۈتىدۇ (ھېچبولمىغاندا مەن شۇنداق ئويلايمەن). چۈنكى، تەنقىدتىمۇ ئوتتەك مېھىر بار. ناۋادا تەنقىد قىلغۇچىنىڭ نىيىتى خالىس ۋە سەممىي بولسىلا؛ ئۇ، تەنقىد ئوبيېكتىنىڭ روھىي دۇنياسىغا كىرىپ، چۈشىنىپ تۇرۇپ تەنقىد قىلالىسىلا. لېكىن، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ خىلدىكى سەممىي تەنقىدچىلىك تېخى بىر بوش ساھە بولسا كېرەك. 2008 ـ يىللىق قىشلىق تەتىلدە ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا بىلەن تەنقىدكە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدىم.

ــ ئادەمنى تەرلەتكۈدەك ئوپېراتسىيە قىلىدىغان، نىيىتى دۇرۇس تەنقىدچىگە ئۇچراشمۇ بىر بەخت. لېكىن، كۆپىنچە ھالدا بىزدە تەنقىدكە شەخسىي غەرەز ئارىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يا چۈشەنمەي تۇرۇپ تەنقىد قىلىش، ياكى بولمىسا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە قەلەم تەۋرىتىش بەزى ياشلارنىڭ ئارىسىدىكى خاھىشقا ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى. مەن ھازىرغىچە مۇنداق ئىككى تەنقىدنى ئىچ ـ ئىچىمدىن قايىل قىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدىم. بىرى، قەشقەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مەرھۇم مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ بىر پارچە خېتى. يەنە بىرى، يۇرتىمىزدىكى دەريا ناملىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن يەكەنلىك مائارىپچى سۇلتان مامۇت ئەپەندىنىڭ زەرەپشان دەرياسى ھەققىدە يازغانلىرى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىمنى ئوقۇپ خۇرسەن بوپتۇ. ئەمما كىتابتىكى بىر نۇقتا ئۇ زاتقا ياقماپتۇ. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم خېتىدە: «بىز ئۇيغۇرلاردا ئاشكارا سورۇنلاردا، كىتابلاردا خوتۇن توغرۇلۇق جىق توختىلىدىغان ئەنئەنە يوق. كىتابىڭىز شۇنداق ياخشى يېزىلغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئايالىڭىز ھەققىدىكى گەپلەر سەل جىق بوپكەتكەن» دەپ يېزىپتۇ. بۇ تەنقىد مېنى قايىل قىلدى. ياپونىيىدىكى مۇساپىرچىلىق ۋە شۇنىڭغىچە بولغان جەرياندا ئايالىم جەمىلەنىڭ ماڭا ۋە ئائىلىمىزگە جىق ئەجرى سىڭگەچكە، بەزى تەپسىلاتلار سەل جىق بوپكەتكەنىكەن. بۇ مەن قوبۇل قىلغان بىرىنچى تەنقىد. ئىككىنچىسى، سۇلتان مامۇت ئەپەندىنىڭ «زەرەپشان دەرياسى» دېگەن گەپنى «يەكەن دەرياسى» دەپ ئېلىش ھەققىدە يازغان خېتى. ئۇ، خېتىدە: «مەن يەكەن دەرياسى ھەققىدە ئىزدىنىپ ھازىرغا كەلگۈچە نەچچە پارچە ماقالە يازدىم. سىز شۇنچە كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم تۇرۇقلۇق ماقالىلىرىمنى ئوقۇپمۇ قويماپسىز. كىتابىڭىز ياخشى يېزىلغان، ئەمما يەكەن دەرياسىنى زەرەپشان دەرياسى دەپ ئاپسىز. بۇ توغرا ئەمەس» دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى بايان قىپتۇ. مەن خىجىل بولۇپ ئۇ كىشىدىن تېلېفوندا ئۆزرە سوراپ، تەنقىدىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

ئىلمىي پىكىرگە ھۆرمەت قىلىش ــ ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىقلارنىڭ بىرى. ئۇ، ئىلىمدە ئەستايىدىل. بىرەر ئاتالغۇ، بىرەر ئېنىقلىما ئۈچۈن گاھىدا توم ـ توم قامۇسلارنى ۋاراقلايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان، پىكىرلەشكەن چاغلاردا بۇنداق مەنزىرىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن. ئارىلىقتا ئىنتېر توردا ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى بەدىئىي تېكىستلەر ھەققىدە تەھلىل» دېگەن ماقالىسىدىكى جاھىزبىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى تەنقىد قىلىدىغانلار چىقتى. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا پايدىلانغان مەنبەلەردە شۇنداق يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنى يالغۇز ئاپتورغىلا دۆڭگەشكە بولمايتتى ھەم ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى باشقا ياققا

بۇرمىلاپ تەھلىل قىلىش توغرا ئەمەس ئىدى. تەنقىدچىنىڭ سەممىيىتى بار ـ يوقلۇقى، ئۇسۇلىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بۇ تەنقىدنىڭ جەۋھەر يېرىنى قوبۇل قىلدى. يەنى«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر مەھمۇد كاشغەرىي نامىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سانىغا ماقالە سوراپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىزىي ھەققىدە ئالغان نەقىل مەنبەلىرىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، تولۇقلاشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ماقالىگە قايتا ئىشلەپ بەردى. ئۇستازنىڭ مۇشۇنداق تەرەپلىرى ئادەمگە تەسىر قىلاتتى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەنقىدكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىر دەڭسەپ كۆرىدىغان ۋاقتى كەلدى. بىر قىسىم زىيالىي تەنقىد كۆتۈرەلمەيدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن پىكىر بولمايدۇ، پەقەتلا ئوخشىمىغان مەۋقەدىن چىقىپ قىلىنغان پىكىرلا بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تەنقىدنىڭ، بەھس ـ مۇنازىرىنىڭ چوقۇم بولۇشىنى بەلگىلىگەن. مەن كۆرگەن غەرب دۇنياسىدا تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئىجتىمائىي پەنلەر دۇنياسىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى پسىخولوگىيە ساھەسىگە دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن ئىككى مەشھۇر پسىخولوگ، يەنى، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ھەرىكەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ بۆسۈشكە ئېرىشكەن سكىننېر (B. F. Skinner , 1904 ـ 1990) بىلەن، ئۆزلۈككە قايتىش، ئادەمنىڭ ئۆزىنى قېزىشى ھەققىدىكى بۈيۈك نەزەرىيىلىرى بىلەن داڭق قازانغان كارل روجېرس (Carl Rogers , 1902 ـ 1987) 1956 ـ يىلى بىر ـ بىرىگە تەكلىپنامە ئەۋەتىپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇنازىرىگە چۈشكەن. مۇنازىرىدىن كېيىن كارل روجېرس سكىننېر ھەققىدە توختىلىپ: « قەدىردان سكىننېرنىڭ ھەرىكەت بىلەن تونۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بايانلىرى مەن ئىلگىرى ئويلاپ باقمىغان نۇقتىلارنى ئېسىمگە سالدى » دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 20 ـ ئەسىر دۇنيا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئاجايىپ يۇقىرى ئورۇن تۇتىدىغان فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر مىچېل فۇكاۋ(Michel Foucult 1926 ـ 1984) بىلەن ئامېرىكا ماساچۇسېتس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەممە ساھەسىدە كۆپ قىرلىق ئىزدەنگەن، «تىل ۋە تەپەككۇر»، «تېررورىزم مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى جورج بۇشنىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قوزغىشىنى شىددەتلىك تەنقىد قىلغان نوئام چومسكىي(Noam Chomsky) 1981 ـ يىلى تېلېۋىزوردا مۇنازىرىلەشتى. ئۆزئارا تەنقىدنىڭ، مۇنازىرىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى بۇنداق مىسال كۆرمەك. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى پىكىرنىڭ ھۆرمىتىنى، ئىلىمنىڭ ئىناۋىتىنى قىلىشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ تەنقىدكە، بەھس ـ مۇنازىرىگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. تەنقىد قىلغۇچىلار بولسا ئۆزى تەنقىد قىلماقچى بولغان ئەسەرنىڭ روھىغا چۆكۈپ، توغرا ئۇسۇل، خالىس نىيەت بىلەن تەنقىدكە كىرىشىشى كېرەك.

شۇندىلا بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەيىمىز قايتىدىن گۈللىنەلەيدۇ، زىيالىيلار ئارىسىدا پىكىرنىڭ ھۆرمىتى بولىدۇ. بۇ ئاخىرى بېرىپ مىللەتنىڭ مەنىۋى تەپەككۇر خەزىنىسىگە، پىكىر قۇۋۋىتىگە ئوزۇق، بايلىق سۈپىتىدە قېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن زەرەتلىنىدىغان، ئىلھام ئالىدىغان پىكىر ئىگىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بۇ نۇقتىنى روشەن ھېس قىلغان زىيالىي. مەن بۇ يەردە يە تەنقىد ھەققىدىكى گېپى ماڭا تەسىر قىلغان ئىككى ئەدىبنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. بىرى، مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىر. يەنە بىرى، پېشقەدەم يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمىي. زوردۇن سابىر 1993ـ يىلى نويابىردا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە (ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بارغانىدىم) تەنقىد ھەققىدە توختىلىپ: «تەنقىد ئوبيېكتىغا تەسىر قىلالمىغان تەنقىدچى مەغلۇبىيەتچىدۇر» دېگەنىدى. ئۆزىدە خالىس نىيەت ۋە تەنقىد ئەخلاقى يېتىلدۈرمىگەن تەنقىدچى دەل مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتچىدۇر. يەنە ھاجى مىرزاھىد كېرىمىينىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق بىر سانىدا ئېلان قىلغان «مېنى نېمىشقا تەنقىد قىلمايسىلەر» دېگەن ماقالىسىمۇ مېنى سۆيۈندۈردى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا دەل مانا مۇشۇنداق روھقا ئىگە كىشى. ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تەنقىدكە خاپا بولغان ـ بولمىغانلىقى ھەققىدىكى قارىشىنى سورىغاندا دېگەن: «بەزىلەر تەنقىدچىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدىكەن. مېنىڭچە، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. مېنى تەنقىد قىلغۇچى ئالدى بىلەن بىر ئۇيغۇر. شۇڭا تەنقىد

www.uyghurkitap.com

سەممىيتى بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەيمەن» دېگەن گېپى هازىرغىچە ئېسىمدە.

## خەلق ۋە ئانا تىل كونكرېت هەرىكەتتە سۆيۈلگەندە...

خەلقنى قانداق سۆيۈش كېرەك؟ ئانا تىلغا بولغان مۇهەببەتنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك؟ بۇ مەن هاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش داۋامىدا ئەڭ كۆپ ئويلانغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. مەن مىللەت، ئانا تىل هەققىدىكى تالاي شوئار، هاياجانلىق نۇتۇقنى ئاڭلىغان. ئەمما، شۇ كىشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى دېگەنلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقمىسا، بۇنداق ئادەم هەرقانچە ئۇلۇغ گەپ قىلىۋەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىنىڭ پىسەنتىگە سىغمايدۇ. گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى ئېرىخ فروم(Erich Fromm, 1980-1900) نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر خىل تەلۋىلىك!» خەلق كونكرېت هەرىكەتلەردە سۆيۈلۈشى، ئانا تىل ئەمەلىي تىرىشچانلىق بىلەن ئاسرىلىشى كېرەك. بۇنداق چاغلاردا، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ هەرقانداق مىللەتتە، ئوخشىمىغان دەۋردە تېپىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، هيوتىنىڭ «ئومۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا گېرمانلارنى چەكسىز سۆيىمەن، شەخس نۇقتىسىدىن هەربىر گېرماندىن چەكسىز يىرگىنىمەن» دېگەن گېپىدە، فرانسىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى داهىيسى دىگوللىنىڭ «فرانسۇزلارنى ئومۇمي گەۋدە سۈپىتىدە ئويلىغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن هاياتىمنى ئاتىغۇم كېلىدۇ، يەككە نۇقتىدىن ئويلىغان ۋاقتىمدا ئۇلارنى چاپاناپ پۇركۇۋەتكۇم كېلىدۇ» دېگەن گېپىدە ئاجايىپ تىرەن مەنە ۋە كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش يوشۇرۇنغانلىقىنى تونۇپ يېتىمەن. بىزدىكى بىر ئادەم بىر ئۇيغۇر دېمەكتۇر. بىر ئۇيغۇر پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ تۈپەيلى، خەلق ۋە ئانا تىل كونكرېت هەرىكەتلەردە، ئەمەلىي تىرىشچانلىق داۋامىدا سۆيۈلۈشى كېرەك. ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر جون دېۋىي(John Dewey) نىڭ «ئەمەلىي هەرىكەتكە ئايلانمىغان تونۇش ئەهمىيەتسىزدۇر»[3] دېگەن گېپىدە ئاجايىپ بىر ۋەزىن بار دەپ ئويلايمەن. مۇساپىرچىلىقتا كەينىمگە يېنىپ قارىسام، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بۇ نۇقتىنى خېلى بۇرۇنلا هېس قىلىپ بولغانىكەن. ئانا تۇپراق، ئانا تىلنىڭ قەدرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە، كونكرېت هەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەشكە تىرىشقانىكەن.

بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. 2006 - يىلى سېنتەبىرنىڭ بېشىدا ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا مەن تونۇيدىغان بىرەيلەننىڭ يانفون نومۇرىنى سوراپ تېلېفون قىپتۇ. مەن تېلېفون خاتىرىسىنى ئاختۇرغاندىن كېيىن، كۆنۈككەن ئادىتىم بويىچە يانفون نومۇرىنى خەنزۇچە دېدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا هېچنېمە دېمىدى، پەقەتلا: «ئاستىراق دەڭ، مەن خاتىرىلىۋالاي،... 138 »دەپ ئۇيغۇرچە خاتىرىلەشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى خەنزۇچە دەيدىغان ئادىتىمنى پەقەت ئۆزگەرتەلمىگەنىدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بىلەن بولغان شۇ قېتىملىق قىسقىغىنە سۆهبىتىمىز مېنىڭ ئۆزۈمگە قەتئىي تەلەپ قويۇپ ئانا تىلنى ساپ سۆزلەشكە، باشقا تىلدا دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن يەر نامىلىرى، تېلېفون نومۇرلىرىنى ئانا تىلدا دېيىشىمگە، شۇ ئارقىلىق ئانا تىلنى قانداق سۆيۈش، قانداق قوغداش توغرىسىدا كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ مۇئامىلە قىلىشىمغا تۈرتكە بولدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ قىلاي دېسە ئۇنچە تەس ئىش ئەمەسكەن. پەقەتلا بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۇقتۇرۇۋالغان رودىپاي ئادەتلىرىمىزنى ۋاقتىدا تۈزەتمەيدىكەنمىز. نەتىجىدە بۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇهىتتا نادانلىقنىڭ تىل نۇقتىسىدىن جەمئىيەتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا تىلى بىلەن دىلى بىر زىيالىي بولۇپلا قالماي، تىلى بىلەن پىكرىنىڭ ئارىلىقى يېقىن ئەدىب. ئادەتتە ئويلىغان پىكىرلەرنى دەل جايىغا چۈشۈرۈپ، نەق، ئوبرازلىق ئىپادىلەش بەكمۇ تەس. بۇ نۇقتىدا مەن ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىدىكى تىل ئىشلىتىش ماهارىتىنى ئۆمۈر بويى ئۆگەنسەم ئەرزىيدۇ. يەنى، بۇ كىشى تىل بالاغىتى بىلەن پىكىر بالاغىتىنى ئەسەرلىرىدە ئوبدان بىرلەشتۈرگەن. بەزى زىيالىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن تىلى ياخشى، ئەمما پىكىر يوق، بەزىلىرىدە بولسا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنىڭ تورى بار، بىراق تىلى خام. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەسەرلىرىدە پاساهەتلىك تىلمۇ بار، ئوبرازلىق ئويلىنىشنىڭ، روھ گىمناستىكىسىنىڭ مەهسۇلى بولغان پىكىرمۇ بار. ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى :

— تىلنى داۋاملىق ئۆگىنىشىمىز كېرەك. «كەلىلە ۋە دېمنە»نىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ بېرىڭ، تىلى ياخشى. ماڭا يەنە «خوجا نەسىرىددىن هەققىدە قىسسە» دېگەن رومانىنىڭ تىلىمۇ يارايدۇ. بىز مۇمكىنقەدەر تەرجىمە تىلىدىن خالىي بولۇشىمىز، ئوي - پىكىرلەرنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىلاشقان جۈملىلەر بىلەن

ئىپادىلىشىمىز كېرەك.

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «كەلىلە ۋە دىمنە» نى كۆرۈپ بولالمىدىم. ئەمما مەن «شىنجاڭ باج ئىشلىرى» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان چاغدا ماقالىلەرنى تەھرىرلەش، مەمۇرىي ھۆججەتلەرنى جىق تەرجىمە قىلىش داۋامىدا تىلىمنى خېلى بۇزۇۋالغانلىقىمنى، ۋە بۇنىڭ تەسىرىنىڭ ھازىرغىچە ئۆزۈمدە بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. 2000 ـ يىللاردىن بۇرۇن — ئەدەبىيات تەرجىمانلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلىرىمدا تىلىنىڭ راۋان، گۈزەل بولۇشىغا بەك كۈچەيتتىم. گارسىيە ماركوزنىڭ «پولكوۋنىكقا ھېچكىم خەت يازمايدۇ»، «ئالدىنئالا پۇر كەتكەن قاتىللىق دېلوسى» قاتارلىق پوۋېستلىرىنى، خودانىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» قاتارلىق رومانلارنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا ئىشلىتىۋاتقان تىلغا قاتتىق دىققەت قىلاتتىم ؛ «تۇيغۇ ۋە تىل ئۇرغۇسىنىڭ تىل ماھارىتىدىكى رولى» ھەققىدە بىر پارچە ماقالىمۇ يازغانىدىم. ئەمما، كېيىن ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ۋاقىت چىقىرالمىدىم. نۇرغۇن يىل ئۆتتى. يېزىقچىلىقتا، ئىلىم تەتقىقاتىغا كىرىشكىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ ئانا تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش بۇرچىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ يامان قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ماھارىتى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك مەشىق ۋە تۇيغۇ جۇغلانمىسى بولۇشى كېرەك. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىغا كەلسەك، ئۇ بۇ شەرتنى ئۆزىدە ئەتراپلىق ۋە پۇختا ھازىرلىغاچقا، ماقالىلىرىدا، نۇتۇقلىرىدا ئىشلەتكەن تىل بالاغىتى تىلنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان نۇرغۇن سەگەك ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ كەلمەكتە ۋە نۇرغۇن قەلەم تەۋرەتكۈچىگە ئۈرنەك بولماقتا.

2003 ـ يىلى ئىيۇلدا ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىدىن نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى»ناملىق دەرسلىك كىتابىغا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم. ئۇستاز قىسقا، ئەمما تىلى نەپىس كىرىش سۆزدىن بىرنى يېزىپ بەردى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ كىتابىمنىڭ «تۈزگۈچىدىن» دېگەن باشتىكى قىسمىغا يازغان مەزمۇنلارنى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ كۆرۈپ بېرىشى ئۈچۈن سۇندۇم. ئۇ نەچچە يەرنى تۈزەتتى، قايتىدىن يازدى، بەزى سۆزلەرنى ئۆزگەرتتى. ئارىلىقتا «ئىنگلىز تىلى ھەۋەسكارلىرى» دېگەن ئىبارىنى «ئىنگلىز تىلى ھېرىسمەنلىرى» دېگەن گەپكە ئۆزگەرتىۋىدى، ئىچ ـ ئىچىمدىن قايىل بولۇپ سۆيۈنۈپ كەتتىم.

— سىزنىڭ ئىشلەتكىنىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما ئىنگلىز تىلى ھەۋەسكارلىرى دېگەن تەرجىمە تىلى.

بۇنداق مىساللار بەكمۇ جىق. قىسقىسى، مەن پات ـ پاتلا ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ئانا تىلنىڭ ھۆرمىتىنى كونكرېت ھەرىكەتلىرى بىلەن قىلىدىغانلىقىنى ئەمەلىي كەچۈرمىشلەر داۋامىدا ھېس قىلاتتىم، تەسىرلىنەتتىم. تىلىمدىكى كېسەل جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ئىشلەتكەن تىلىدىمۇ، سۆزلىگەن نۇتۇقىدىمۇ ھېسسىيات بار ئىدى. بۇ ھال ئۇ ئىشلىتىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تېلېفونىدا، نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۇرغۇ، ئىنتوناتسىيە، ھېسسىياتنى جايىغا چۈشۈرۈپ سۆزلىشى كىشى قەلبىدە يېقىملىق بىر تەسىر پەيدا قىلاتتى. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ نۇتۇقىدىكى تىل سەنئىتى ھەققىدە مۇنداق بىر ـ ئىككى ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. 2003 ـ يىلى «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى»تەربىيىلەش مەركىزىنى يېڭى قۇرغان چاغلاردا ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنى لېكسىيىگە تەكلىپ قىلدىم. لېكسىيىدە تىلغا بەك تەلەپ قويىدىغان، ئالدىراپ ئادەم ياراتمايدىغان بىر ساۋاقدىشىمىمۇ بار ئىدى. قىزىق يېرى، ئۇ ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقماپتىكەن. نۇتۇقىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ. «ئىنچىكە مەنىلەرنى دەل جايىدا ئىپادىلەيدىكەن، تىل سەنئىتى ھەقىقەتەن يۇقىرىكەن. ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل قىلىۋېتىدىكەن ئادەمنى...» دېدى ئۇ نۇتۇقتىن كېيىن. يەنە بىر قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئابدۇقادىركامغا تېلېفون قىلدىم. ئابدۇقادىركام لەۋزىمىنى يەردە قويماي ماقۇل بولدى. بۇ خەۋەرنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا دېۋىدىم، ئارىدا بىر ئوقۇغۇچى :

— مۇئەللىم، سىز دەۋاتقان ئابدۇقادىر جالالىددىن جالالىددىن بەھرامنىڭ ئوغلىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. سىنىپ ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئابدۇقادىر جالالىددىننى بىلمەسلىكى، ئۆتكۈنچى ھەۋەسلەرگە قۇل بولغان، خىيالىي تۇيغۇلاردا ياشاپ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىسىم ستۇدېنتنىڭ بىمەنە رېئاللىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كېيىن، ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا لېكسىيە سۆزلەپ قايتىپ كەتتى. ھېلىقى گەپنى دېگەن ئوقۇغۇچى نەچچە كۈندىن كېيىن يېنىمغا كەپتۇ: «مۇئەللىم، ھېلىقى كۈندىكى نادانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. بۇرۇن راستىنلا ئۇ ئاكىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقماپتىكەنمەن. نۇتۇقى

www.uyghurkitap.com

ئاجايىپكەن. ئىشلەتكەن تىلى قالتىسكەن. مەن ئۇ كىشىنىڭ ھەممە ئەسىرىنى كۈتۈپخانىدىن ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇپ چىقاي دېگەنىدىم» دېدى. مەن ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى دەپ بەردىم. دېمەك، ئۇستازنىڭ ئىدىيىسى ئەمەس، ئەڭ ئاۋۋال ئىشلەتكەن تىلى ئۇنى بىلمەيدىغان تالاي ئادەمنى جەلىپ قىلاتتى. كىشى ئانا تىلنىڭ پاساھىتىنى، گۈزەللىكىنى ئۇنىڭ نۇتۇقىدا، ماقالىلىرىدا ئىشلەتكەن تىلىدىن ھېس قىلاتتى. مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش داۋامىدا ئانا تىلنى پۇختا ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى، ئانا تىلىمىزنىڭ گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى باشقىدىن تونۇپ يەتتىم. ئىنگلىز تىلىدا بىر پېئىل ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش خىل ئۆزگىرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ئاجايىپ. تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئاكا ھايات چېغىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا 120 خىل تۈرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. بۇ گەپنىڭ تەسىرى بىلەن، بىر كۈنى سىنىپتا ئىنگلىزتىلىدىكى پېئىللار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنى سېلىشتۇرۇپ دەرس ئۆتتۈم. «كۈل» پېئىلىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ يەتتە كاتېگورىيىسىدە تۈرلىمەكچى بولدۇق. ئوقۇغۇچىلىرىم ياردەملەشكەن بولسىمۇ، ئاران 72 خىل تۈرلىيەلىدىم. لېكىن، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتى ئاجايىپ زور تىل ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم. ئوقۇغۇچىلىرىممۇ بەكلا ھەيران قالدى. ھازىرمۇ ئىنگلىزچىگە ماقالە تەرجىمە قىلىش، ئىنگلىزچە ماقالە يېزىش داۋامىدا ئۇيغۇرتىلىدىكى بەزى گەپلەرنى ئىنگلىزچىدە گەپ قوشۇپ ئىپادىلىمىسە مەقسەت ئېنىق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئانا تىلنىڭ قىممىتى، ئانا تىلغا كامىل بولۇشنىڭ تەپەككۇرغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تونۇشۇم ئاشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمدىن «مەن نېمە قىلالايمەن؟» دەپ سورايمەن. ئويلاپ باقسام، مەن ئانا تىلنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇنداق قىلالايدىكەنمەن ھەم مۇنۇ ئىشلار قولۇمدىن كېلىدىكەن: ساپ ئانا تىلدا سۆزلىسەم بولىدىكەن. شارائىت يار بەرسىلا بالامنى ئانا تىلدىكى سىنىپلارغا بەرسەم بولىدىكەن. تېلېفون نومۇرلىرىنى، يەر ـ جاي ناملىرىنى ئۇيغۇرچە دېيەلەيدىكەنمەن. نۇتۇقنى راۋان، ھېسسىياتلىق سۆزلەشنى، تىلنى جايىدا ئىشلىتىشنى ئۆگەنسەم بولىدىكەن. بالامغا ئانا تىل تەربىيىسىنى چىڭ تۇتسام بولىدىكەن. بۇ، تامامەن قىلغىلى بولىدىغان ئىشكەن.

## ئىلىم سۆھبىتى، كىتاب ۋە باشقىلار

نۇرغۇن كىشى شەھەرلەردە يېڭىدىن كۆچكەن، زىننەتلەنگەن ئۆيلىرىگە مېھمان چاقىرىدۇ؛ يېڭى ئۆيى شاراپىتىگە چاي قىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشى تۇغۇلغان كۈنلىرىنى، ئالاھىدە خاتىرە كۈنلىرىنى تەبرىكلەپ يىغىنلىرىنى چاقىرىدۇ. ئەمما مەن ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىلىم چېيى قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. پات ـ پات ئۆزۈم چوڭ بىلىدىغان زىيالىيلارنى ئۆيۈمدە، تاماقخانىلاردا تاماققا، توغرىراقى ئىلىم چېيىغا تەكلىپ قىلىپ تۇرىمەن. سەۋەبى، بۇنداق يىغىلىشلاردا تاماق يېيىش، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىش ئاساسىي مۇددىئا ئەمەس. مۇھىمى پىكىرلىشىش. پىكىردىن پىكىر تۇغۇلىدۇ، پىكىر مېڭىنى ئاچىدۇ، پىكىر روھقا ئوزۇق بولىدۇ. مەن رېئاللىقتا گاڭگىرىغاندا پىكىر ھەمراھى ئىزدەيمەن. ئىلىم چېيى قىلىشىم، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ساختا تورلاردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، بىردەم بولسىمۇ يۈرىكىمنىڭ تىنىشىغا قولاق سېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشۇمدۇر. مەن بۇنداق سۆھبەتلەردىن ھۇزۇر ئالىمەن. ھازىرغىچە ئىلىم چېيى سورۇنلىرىدا ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، ئەسەد سۇلايمان، ئوسمانجان ساۋۇت، ئادىل تۇنىياز، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي... قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن پىكىرلىشىپتىمەن. مەن ئويلايمەنكى، بىز نۆۋەتتە مودا بولۇۋاتقان خىلمۇخىل ئولتۇرۇش ـ چېيىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ باقساق بولىدۇ. ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغانلار، پىكىر قىلىدىغانلار «ئىلىم چېيى»، «كىتاب ئوقۇش تەسىرات چېيى» دېگەندەك سورۇن، چاي تۈرلىرىنى پەيدا قىلساق، پۇچەكلىك، رەزىللىق جەمئىيەتلەشكەن مۇھىتتا يېتىم قېلىشتىن، ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ چۈشكۈنلىشىشتىن ساقلىنالايمىز. بۇمۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى فلورىئان زىنانېك ئۆزىنىڭ «ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئىلىم ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئۇلار ھەقىقەت بايقىغۇچىلاردۇر، ھەقىقەت يەتكۈزگۈچىلەردۇر، ئىدىيە تارقاتقۇچىلاردۇر. بىر ئىلىم ئىگىسى ھەقىقەت بايقىغۇچى بولالمىغاندا ئىدىيە تارقاتقۇچى بولۇشى، ئىدىيە تارقىتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغىنىدا ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى بولۇشى، ھېچقايسىسىغا ئىمكانىيەت قالمىغىنىدا، ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئاتموسفېرا پەيدا قىلىشى كېرەك.» دەۋردىن، زاماندىكى بىئاراملىقتىن بالدۇر چۈشكۈنلەشكەن زىيالىيلارنىڭ ئۆزىنىڭ رولىنى تونۇشىدا بۇ ناھايىتى قىممەتلىك بىر سىگنال.

كۆپىنچە ھالدا، مەن ئۆتكۈزىدىغان ئىلىم چېيىدا ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن بولىدۇ. ئۇستازغا ھۆرمىتىم چوڭ

بولغاچقا، بۇنداق سورۇنلاردا گەپنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئاڭلايمەن. ئۆزۈم ھاراق ۋە تاماكىدا بولمىغانلىقىم ئۈچۈن سورۇندا ئۇنداق نەرسىلەرنى قويمايمەن. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىمۇ كەيپكە بېرىلمىگەچكە، بىز ئىلمىي سۆھبەتتە ئارامبەخش مۇھىتنى يارىتالايمىز. مەن ئەنە شۇنداق مۇھىتلاردا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمەن. سۆھبەتتە پات ـ پات باشقىلارنىڭ ئاغزىنى تاتلايمەن.

2008 ـ يىلى ياز. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، گۇگۇم چۈشكەن مەھەل بىلەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ قورۇسىدىكى ھاۋالىق مەيداندا سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇردۇق. ئۇستاز بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى كۆپىنچە ھالدا يېڭى ئوقۇغان، يېڭى سېتىۋالغان كىتابلار، ئىزدىنىۋاتقان تېمىمىز قاتارلىق نۇقتىلاردىن باشلىنىدۇ. ئۇستازنىڭ «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىلىم»ناملىق كىتابى ئۇستىدە ئىشلەۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم بولغاچقا، بۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سورىدىم.

ــ نەچچە بابنى يېزىپ بولغان، ــ دېدى ئۇ، ــ ئارىلىقتا لوندوندا بىر يىل ئۆتتى. كېلىپ دەرس ئۆتۈش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولدۇم. ئەمدى قالغان بابلىرىنى جىقراق كىتاب كۆرۈپ بولۇپ يازاي دېدىم. كېلەر يىلى قەلەم تەۋرىتىپ قېلىشىم مۇمكىن.

بۇرۇن يېزىپ بولغان بابلىرىدىن خەۋىرىم بولغاچقا، بۇ كىتابتا يەنە قانداق مەزمۇنلارنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق پىلانىنى دەپ ئۆتكەندىن كېيىن مەن بىر تەكلىپ بەردىم:

ــ مېنىڭچە، كىتابىڭىزدا«بىلىم ۋە جەمئىيەت» دېگەن تېمىدا بىر باب ياكى بۆلۈم بولسا. ئۇنىڭدا نادانلىقنىڭ قانداق جەمئىيەتلىشىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلاردىكى تونۇش ۋە بىلىمنىڭ ئۇلارنىڭ رېئاللىقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە مەزمۇنلار بولسا دەيمەن. يا بولمىسا «دۆتلۈكنىڭ جەمئىيەتلىشىشى» دەپ بىر باب يازسىڭىزمۇ بولامدىكىن.

ــ ياخشى ! يارايسىز، ئەكېلىڭە قولىڭىزنى ! ــ ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا تەكلىپىمدىن خۇشھال بولۇپ قولۇمنى سىقتى.

ــ رېئاللىقنى ئادەم پەيدا قىلىدۇ. يەنە ئوخشاشلا مەلۇم بىر خىل رېئاللىقتىن ئادەم ئۆزى ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا مەھرۇم قالىدۇ. بۇ، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن يورۇتىدىغان تېما. بۇ ھەقتە كلاسسىك بىر كىتاب بار. ئامېرىكىلىق ھونگىر قان سىستېمىسىدىن بولغان مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس پېتېر بېرگېر (Peter Berger, 1928 ــ) يازغان «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى»دېگەن كىتابنى بىر ئوقۇپ باقسىڭىز.

ــ ئۇ كىتابنى نەدىن تاپقىلى بولار؟ ــ سورىدى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا.

ــ مەن تەتىلدە ئوقارمەن دەپ ئالغاچ كەلگەن. بۇ كىتابنى سىزگە سوۋغا قىلاي. يەنە مەن ھاۋايدا «دۆتلۈك» دېگەن بىر كىتابنى كۆرگەن. مەن بۇ كىتابنى سىزگە كېلەر يىلى يازغىچە ئەكېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلاي.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ۋەدە قىلغان كىتابنى ئاپىرىپ بەردىم. ئۇستاز خۇش بولدى. مېنىڭ ئۆز قۇربىم يېتىدىغان دائىرە ئىچىدە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈم ، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇم كېلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ماڭا تەسىر قىلىدىغان يەرلىرى كۆپ ئىدى. مەن 1992 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتقا يېڭى كەلگەندە، ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە مەرھۇم باتۇر روزى، ئابدۇقادىر جالالىددىن، پەرھات تۇرسۇن قاتارلىق شائىرلار تەشكىللىگەن سالونغا بىر نەچچە قېتىم بارغانىدىم. مەن ئابدۇقادىركام بىلەن قۇرغان سۆھبەت داۋامىدا ئاشۇ سالونلارنىڭ ئارمىنىنى جىق قىلاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇقادىركام شۇنداق دەيتتى: «ھازىرمۇ قىلساق بولاتتى. لېكىن، زىيالىيلارنىڭ سورۇنى يەپ ئىچىش، ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ھاراق ئىچكەن سورۇندا پىكىرنىڭ ئىناۋىتىمۇ بولمايدىكەن ! »

بىز پات ـ پات كىتاب ئالماشتۇرۇپ، كىتاب سوۋغا قىلىشىپ تۇراتتۇق. مەن ئاستىغا سىزىپ، بېرىلىپ ئوقۇغان «جەمئىيەتشۇناسلىق» (ئاپتورى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئانتونىي گىددېنس)، «ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى» دېگەندەك كىتابلارنى ئۇ سوۋغا قىلغانىدى. مەنمۇ ئارىلىقتا بىر نەچچە كىتاب سوۋغا قىلدىم. ئۆيىگە بارغان چېغىمدا كىتابخانىسىنى زىيارەت قىلاتتىم. ئۇنىڭ كىتابخانىسى بىر دۇنيا ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدە ئەڭ نەپىس، ئەڭ سۈرلۈك، ئەڭ ئېسىل كىتابلارنى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ئۆيىدە كۆرەتتىم. مەنمۇ خىزمەتكە چىققاندىن بېرى ئېيىغا 300 يۈەنلىك ئۆلچەم بىلەن كىتاب ئالاتتىم. «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەندىن كېيىن، بەكرەك ئىزدىنىش ئۈچۈن ئىككى ئايدىلا 5000 يۈەنلىك كىتاب سېتىۋالدىم. مەن كىتابنى ئۆلۈك ئوقۇشقا قارشى ئىدىم. كىتابتىكى بەزى قۇرلار ياراپ كەتكىنىدە ھاياجاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. گاھىدا ئولتۇرۇپ سائەتلەپ ئويلىنىپ كېتەتتىم. مانا بۇ پىكىرنىڭ بېرىدىغان ھۇزۇرى ئىدى. مەن پىكىردىن كېلىدىغان خىياللىرىمنى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا بىلەن كۆپرەك ئالماشتۇراتتىم.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا كىتابىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي بىلەتتى. كىتاب تونۇيتتى، ئالاتتى، ئوقۇيتتى، پىكىر قىلاتتى، ئاندىن يەتكۈزەتتى. مانا بۇ يۈكسەك بىر روھ ئىدى. بۇنداق ئادەملەر ئۇيغۇرلاردا جىقراق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، رېئاللىق ھالسىراتقاندا، ئۈمىدسىزلەنگەندە كىتابتىن رايى قايتقان زىيالىيلار بىزدە كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ، خاتا ئەھۋال ئىدى. كىتابتا گۇناھ يوق. رېئاللىق شۇنداق رەھىمسىز. ئەمما ۋايسىغىنىمىزغا، تۇگۇلۇۋالغىنىمىزغا ئىش پۈتمەيتتى. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا ئازاب ئېچىغا ئىگە ئادەم ئىدى. ئەمما چۈشكۈنلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالماي، توختاۋسىز ئىزدىنەتتى. ئۈمىدتىن ۋاز كەچمەيتتى، خۇشخۇي ياشايتتى. نىچشى ئۆزىنىڭ «سەرخۇش ئىلىم»(快乐的科学) ناملىق كىتابىدا :« بىر ھەقىقىي ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەڭ چوڭقۇر ئازاب ۋە ئەڭ يۈكسەك ئۈمىدكە يۈزلەنگەنلىكىدە » دەپ يازىدۇ. بىزگە ئۈمىدۋار ھەم ئازاب ئېچىغا ئىگە پىكىر ئىگىلىرى لازىم ئىدى. مەن ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم.

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا لوندوندىن قايتىشىدا 6000يۈەنگە بىر قامۇس ۋە ئۇنىڭ قاتتىق دىسكىسىنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭ كىتابنىڭ قەدرىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، بۇ ئىشىدىن ھەيران بولماي تۇرالمىدىم. ئايالى جەمىلە ھەدەم ئۇنى چۈشەنسىمۇ، قوللىسىمۇ، بەزىدە چېقىشىپ چاقچاق قىلىپ قوياتتى:

ــ قاراڭ بۇ ئابدۇقادىرغا، كىتاب كېسىلى چاپلاشتىمىكىنلا دەيمەن. ئۆيدە شۇنچە جىق كىتاب. يەنە ئالدۇ. لوندوندىن باللار كەلگەندىمۇ يەنە كىتاب ئەۋەتىپتۇ.

بۇنداق چاغلاردا ئابدۇقادىركام كۈلۈپ قوياتتى :

ــ ماتېرىيال دېگەن ھەرقانچە جىق بولسىمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدىغان نەرسىكەن. باشقىلار ئۆي زىننەتلەش ۋە ئىستېمال قىلىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلسا، مەن ياخشى كىتابلارنى سېتىۋېلىشتىن ھۇزۇرلىنىمەن، ــ دەيتتى ئۇ ماڭا.

ئۇ، ئىلىم ئىگىلىرىنى قوللايتتى، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلاتتى. 2005 ـ يىلى جەنۇبىي قوۋۇقتىكى «ئەتلەس» چايخانىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن ئابدۇقادىركامغا تېلېفون قىپقالدى. ئۇ ئەسلىي مائارىپ ھەققىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىپ بىر ئىلمىي ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن بىر قۇچاق ئورىگىنالنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا ئورىگىنالنى ۋاراقلىدى. ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن كىتابقا ھەقىقەتەن جىق ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، مەن ئۇنىڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ماتېرىيال مەنبەسى كەم بىر شارائىتتا بۇنداق زور ئىلمىي ئەمگەكنى تاماملىغانلىقىغا ھەيران قالدىم.

ــ ئاپىرىن، جىق ئەجىر قىپسىز. ئۇرۇمچىدە كىتابنىڭ قەدرىنى قىلىدىغان نەشرىيات سودىگەرلىرىمۇ يوق ئەمەس. بىز ئاۋۋال يالقۇن روزىغا تېلېفون قىلىپ باقايلى، ــ دېدى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا.

يالقۇن روزى ئاكا كەلدى. كىتابنى كۆرۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن ئۇقسام، يالقۇن روزى ئاكا جىق كۈچىگەن بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىننىڭ كىتابى يورۇقلۇققا چىقماي قاپتۇ. ئەمما، بۇ جەرياندا ماڭا ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ، يالقۇن روزى ئاكىنىڭ ئىلىم ئىگىلىرىنى قوللاش، چامى يەتكەن دائىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىشتەك ئەمەلىيەتچانلىق خىسلىتى تەسىر قىلدى. كېيىن مەن ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ھازىر خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇھەممەت تۇرسۇن 2006 ـ يىلى تۈركىيىدە دوكتورلۇقىنى تاماملاپ قايتىپ كېلىپ ئىش تاپالمىغاندا، تۇرمۇشتا قىينالغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلغانلىقىغا، ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئابدۇرەھمان ئەبەي، ئەھمەت ئىمىن ئاكىلارنى ئىزدەپ بېرىپ سۆزلەشكىنىگە شاھىت بولغانمەن. قىسقىسى، مەن بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەمەلىي مىسالدىن ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەرتەرەپلىمە، ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. يازمام سەھىپە چەكلىمىلىكى بىلەن مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما مېنىڭ تۇرمۇشتىكى ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېس قىلغانلىرىم، ئۇنىڭ بىلەن مۇساپىرچىلىقتا خىيالەن مۇڭدىشىدىغان تېما يالغۇز بۇلا ئەمەس. مۇساپىرچىلىقتىكى خىياللار داۋاملىشىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا ماڭغان ئىزىدىن توختاپ قالمايدۇ. باسقان يوللاردىن ئىز قالىدۇ. بۇ ئىز يەنە نۇرغۇن پىكىر ئىگىسىگە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن ئۇچراشقاندا ھايات چارچاتقان بۇ ئۇستازغا داۋاملىق ئىزدىنىشنى جېكىلەپ مۇنۇلارنى دەپ قويىمەن:« ھەر قانداق بىر دەۋردىكى ئىدىيە، كۆز قاراشلارنىڭ مەنبەسى ئازغىنە زىيالىيلار تۈپەيدىن كېلىدۇ.» (كارل مەنخەيم، گېرمانىيە)، «زىيالىينىڭ ئەقلى تارىخىي مۇمكىنچىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.» (پيئىر بوردىئو، فرانسىيە)

# مۇساپىرچىلىقتا ئەسەد سۇلايماننى سېغىنىش

## ئىلىم تەتقىقاتى زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇۋاتىدۇ

مەن ئەسەد سۇلايمان ئاكا بىلەن ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكىدەك جىق كۆرۈشمىگەن. ئاز، ئەمما مەنىلىك سۆھبەتلەردە بولدۇق. گاھى سۆھبەتلەرنى ئابدۇقادىر جالالىددىن، يالقۇن روزى قاتارلىق زىيالىيلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، گاھى سۆھبەتلەرنى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئىككىمىز يۈزمۇيۈز تۇرۇپ قىلىشتۇق. ئەسەد سۇلايمان ئاكىغا مۇناسىۋەتلىك كەچمىشلەرنى ئەسلىگىنىمدە، مۇنداق بىر قانچە نۇقتا ئېسىمگە كېلىدۇ. بىرى، ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇش تەييارلىقى بىلەن تۇرغان كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ «ھازىرقى ياخشى شارائىتىڭىز سىز ئۈچۈن ئۈيقۇ دورىسى» دېگەن گېپى ؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» ناملىق كىتابىنى يېڭى ئېلىپ ئوقۇپ ھېچنېمىنى ئۆگىنەلمىگىنىم ۋە ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ، ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ بەتمۇ ـ بەت خاتىرە قالدۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇغىنىم؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭ « تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق ئىلمي ئەمگىكى بەرگەن ئىلھام.

2006 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيىدىكى ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتتىن چاقىرىق تاپشۇرۇۋالدىم. ھاياجانلاندىم ھەم خىيالچان بوپقالدىم. ھاياجىنىمنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما خىيالچان بوپقېلىشىم، شۇ چاغدىكى راھەتلىك تۇرمۇشۇم، كىچىك بولسىمۇ تونۇلۇۋاتقان ئىگىلىكىم بىلەن غايەم ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش ئارىلىقىدىكى ئازابلىق تېڭىرقاشلارنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىر كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر ئىش بىلەن بېرىپ، كاللامدا ئەسەد سۇلايمان ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە، ئەسەد سۇلايمان ئاكا بەختىمگە يارىشا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. بىز بۇرۇنمۇ ئۆيۈمدە ۋە باشقا ئىلىم سۆھبەتلىرىدە كۆرۈشكەن، ئەسرارلاشقان بولغاچقا، قورۇنۇپ ئولتۇرمىدىم. قىسقىچە ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ــ ئازابلىق تاللاشقا دۇچ كېلىپ، قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم.

ــ ئادەمنىڭ ئۆزى قىيالمايدىغان نەرسىلەردىن، ئەۋزەل شارائىتتىن كەچمىكى تەس، بۇنى چۈشىنىمەن. ئەمما ھازىرقى شارائىتىڭىز سىز ئۈچۈن ئۈيقۇ دورىسى. چاقىرىق كەلگەن بولسا، بەك ياخشى ئىش بوپتۇ. چوقۇم ئوقۇڭ. ئۇ يەرلەرگە چىقىپ دەماللىققا جاپا تارتىسىز، قۇربان بېرىشىڭىزنىڭ ۋەزنى ئۈستىدە ئويلىنىسىز. ئەمما، يىراقنى كۆزلىگەندە ئەرزىيدۇ، ئىككىلەنمەڭ.

ئۇ يەنە ئارىلىقتا تەتقىقات نىشانىنى ئىمكانقەدەر بالدۇر تاللاش، تەتقىقات دائىرىسىنى مۇمكىنقەدەر كونكرېتلاشتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلاردا بىر مۇنچە مەسلىھەت بەردى ۋە ھازىر كىملىك تەتقىقاتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ناھايىتى گۈللىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى پىكرىنىمۇ قوشۇپ قويدى. ھازىر ئويلاپ باقسام، «كىملىك ۋە شەھەرلىشىش» تېمىسىدا ئىزدىنىشىمگە بىر نۇقتىدىن ئۇستازنىڭ ئاشۇ نەسىھەتلىرى سەۋەب بولغانىكەن. نىشانىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، غايىنى بەك يۈكسەك، تەتقىقات دائىرىسىنى بەك كەڭرى قىلىۋېلىش، ئىلىمدە ئىزدىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ھېچقانداق ساھەدە پۈتۈن بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. مېنىڭ تەتقىقات دائىرەمنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، تەتقىقاتىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تونۇش ھاسىل قىلىشىمغا ئەسەد سۇلايمان ئاكا سەۋەب بولدى دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئۇنىڭ « تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ » ناملىق كىتابىنى 1999 ـ يىلىلا يېڭى نەشىردىن چىققاندا سېتىۋالغانىدىم. ئەمما ئوقۇپ ھەزىم قىلالمىغانىدىم (ياش ئالىمنىڭ مەزكۇر كىتابىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 ـ يىللاردىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). يەتتە يىلدىن كېيىن، يەنى 2006 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكىنىم رەسمي ئېنىق بولغاندا بۇ كىتابنى قايتىدىن تەپسىلي ئوقۇدۇم، خاتىرە قالدۇردۇم. كىتاب مېنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالدى. جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئايال يازغۇچىسى چى زىجيەن مۇخبىرلار ئۆزىنى زىيارەت قىلغاندا كىتاب ئوقۇش توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا بىز كىتابتىن ھېچقانداق نەپ ئالالمايمىز. بىرى، ئۇ، چاپ ـ چاپ بازارغا ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئەخلەت كىتاب بولسا ؛ يەنە بىرى، كىتاب ئۆزى ياخشى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىز تېخى كەلمىگەن بولسا.» مېنىڭ «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» ناملىق كىتاب ھەققىدىكى

تەسراتىم ئىككىنچى خىلغا ياتاتتى. يەنى، مەن روھىي دۇنيارىم بۇ كىتابنى ئوقۇشقا تولۇق شەرت ـ شارائىت ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا، توغرىراقى، نەزەر دائىرەم تار ۋاقتىدا ئوقۇپ، ئۇ كىتابتىن ھېچقانداق نەپ ئالالمىغانىدىم. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىزنىڭ بىر ئىلمىي ئەمگەكتىن نەپ ئالالماسلىقىڭىز ئۇ ئەسەرنىڭ ناچار يېزىلغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ئۇنى ئوقۇش ۋاقتىڭىزنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. يەنە شۇنداقلا، بىزنىڭ بىرەر مۇتەپەككۇرنىڭ پىكرىنى ھەزىم قىلالماسلىقىمىز، ئۇنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەسلىكىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىنسان ھېچبولمىغاندا ئۆزىدىكى بىلمەسلىك ئازابىنى يېڭىشى، كاللىسىنى زىندانغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ ئىزدىنىشى كېرەك. كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ بۇ كىتابنى قايتا قولۇمغا ئالغىنىمدا، ئاپتورنىڭ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىدا پسىخىك چۆكمە بوپقالغان نۇقتىلارغا بەكرەك ئاغدۇرۇپ، ئىدېئولوگىيىنىڭ، ئىجتىمائىي كونترولنىڭ كۈچىگە سەل قارىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم ئۇنىڭ شارائىتى، ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇ يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرىنى چۈشىنىپ باقسا، بۇرۇن ھېس قىلمىغان تەرەپلەرگە دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئەسىرىنى قايتىدىن ئىشلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈش ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ گەپلەر ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەسەد سۇلايمان ئاكىنىڭ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشردىن چىقتى. مەن بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتىم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر نەزىرىدىكى ئوبرازى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار نۇقتا مېنى تەگسىز خىياللار قاينىمىغا بەند قىلدى. مەن بۇ كىتابتىن شۇنداق ھۇزۇر ئالدىم. ئادەتتە مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كىتابنى قولۇمغا ئالغىنىمدا بىراقلا ئوقۇپ قويۇپ كېتىشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق بولغاندا، كىتابتىن ئالغان تەسىرات ۋە ئىلھاملار ئارىلىقتىكى ئۈزۈكچىلىك تەسىرىدە غۇۋالىشىپ قالمايدۇ. ئاپتور بىلەن تەڭ مۇڭدىشىپ قىلىنىۋاتقان پىكىرنىڭ ئىزچىللىقى بولىدۇ. ئەسەد سۇلايمان ئاكىنىڭ بۇ كىتابى ماڭا تەتقىقاتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە دەرس بەرگەن، قايناق ئىلھاملارنى ئاتا قىلغان. شۇ ئارىلىقتا ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئەسەد سۇلايمان ئاكىنىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» دېگەن كىتابىدىكى ئىنگلىزچە كىرىش سۆزنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدىم. 2006 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ بېشىدا ئەسەد سۇلايمان ئاكا بېرلىنغا خەلقئارالىق ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا بارىدىغان بوپقالدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ خوتەندىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلىپ تېلېفون بېرىپتۇ. مەن ئۇستازنىڭ بۇ ھاۋالىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. تەرجىمىنى تۆت كۈن ئىچىدە تۈگەتتىم. تەرجىمىنى تاپشۇرغاندا ئەسەد سۇلايمان ئاكا ناھايىتى خۇشھال بولدى. مەنمۇ ئۇستاز ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىپ بېرەلىگىنىم ئۈچۈن خۇرسەن ئىدىم.

بىر كۈنى ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولىدىكى «شىنخۇا» كىتابخانىسىدا ئەسەد سۇلايمان ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. بىز پاراڭلاشقاچ ئۇيغۇرچە كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدۇق. ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر، بولۇپمۇ رومانلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئەسەد سۇلايمان ئاكا يېڭى چىققان بىر رومانىنى ۋاراقلىغاچ ماڭا شۇنداق دېدى :

ــ رومانلار بىزدە خېلى جىق چىقتى. بۇ بىر ياخشى ئەھۋال. ئەمما، بىزدە ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا قارىغاندا ئىلىم تەتقىقاتى قىلىدىغانلار بەك ئاز. نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزدا ئىلىم تەتقىقاتى زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇۋاتىدۇ. بىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەت كوچىسىغا سىغدىلىپ كىرىۋالغان نۇرغۇن ئادەم بار. بۇنداق كىشىلەردە تىرىشچانلىق بار، بەلكىم ئىقتىدارمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەن دېمەكچى، ئەدەبىي ئەسەرنى يازالايدىغانلار يازسا. ئەگەر بۇ جەھەتتە تالانت بولمىسا، باشقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرگە كۆچۈش كېرەك. ئىلىم تەتقىقاتى قوشۇنىمىز زورايسا بولاتتى.

ئەسەد سۇلايمان ئاكىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى ئەسلىگىنىمدە، ئۇنىڭ تەتقىقات ھەققىدىكى بۇ سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ. مېنىڭ ئىلىم تەتقىقاتىغا قىزىقىپ قېلىشىممۇ سەۋەبسىز ئەمەس. مەن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ ئاجايىپ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى ۋە گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆردۈم. «بۇ كۈنلەردە رىزقىم بار» (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىل 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن ) ناملىق ماقالىمدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، چەت ئەللەردە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە قىلىنىۋاتقان تەتقىقاتلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار

ھەققىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلەر نىسبەتەن ئازكەن. يەنە كېلىپ، چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن پايدىلانمايدىكەن. بۇ ھال ماڭا بىر نۇقتىنى — بىزدە ئىزچىل سەل قارىلىۋاتقان، خاتا چۈشىنىلگەن ياكى تىكىپ قوراشتۇرۇپ پاخال قىلىۋېتىلگەن تەتقىقاتنىڭ ئۆزىنىڭ توغرا يولغا قايتىپ كېلىشى لازىملىقىنى ھېس قىلدۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەد سۇلايمان ئاكىدەك باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان، قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش تەتقىقات قوشۇنى بولۇشى كېرەككەن. بۇنداق ئويلىشىمدا يەنە مۇنداق سەۋەبمۇ بار. ھەقىقىي — چىن مەنىسى بىلەن قىلىنغان ئىلىم تەتقىقاتى ئەجدادلارنىڭ ئەقلىنى ئەۋلادلارغا ئۇلايدىغان ئەقلىي مىراس؛ بۇرۇنقىلارنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتىدىن دالالەت بېرىدىغان مەنىۋىيەت ئەينىكى؛ بىر مىللەتنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاشتىكى مۇھىم شەرت. شۇڭا ئىلىم تەتقىقاتى بولۇشى، بولغاندىمۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بولۇشى كېرەك. رېئاللىقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن چىقىش قىلغاندا، پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان بىر تۈركۈم ياش تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ھەسسە قوشۇشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان، جىق ئەجىر تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك جەريان. يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت كوچىسىغا مەجبۇرىي سىغدىلىپ كىرىۋالغان، ئەمما تۈزۈك نەتىجە يارىتالمىغانلار ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ باشقا ساھەسىدە ئۆز تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، سىناپ باقسىمۇ بولىدۇ.

مەن مۇساپىرچىلىقتا پىكىر ھەمراھى ئىزدەيمەن، خىيالىمدا كىملەردۇر بىرسى بىلەن غايىبانە پاراڭلاشقۇم كېلىدۇ. ئەسەد سۇلايمان ئاكىنى مۇساپىرچىلىقتا سېغىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىمەن. ئۇ، خىيالىمدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق سىيمالارغا ئوخشاشلا زاھىر بولىدۇ، ماڭا مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكچى بولىدۇ. مەن ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەنكى، ئۇ، ئىلىم تەتقىقاتىنى چىن مەنىسى بىلەن قىلدى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىن كېيىن ئۈزۈكچىلىك كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تەتقىقات رېلىسىنى ئۇلىدى. مەن ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەنكى، ئۇ، باش چۆكۈرۈپ داۋراڭسىز ئىشلىدى ؛ ئەمەلىي تىرىشچانلىقى، قىممەتلىك ئەمگىكى بىلەن تالاي ئىلىمخۇمار ياشقا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى، ئىزدىنىشچان روھى بىزگە بىلىمى ۋە پەزىلىتى بىرلەشكەن بىر مۇنەۋۋەر زىيالىينىڭ بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىغا ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى ۋە مۇنداق بىر نۇقتىنى روشەنلەشتۈردى: ساغلام ئىدىيىنىڭ جامائەت قەلبىگە سىڭىشى، تەسىر قىلىشى ناھايىتى ئاستا جەريان. بۇ جەريان ھېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىنى ئوۋ نىشانىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا ئوخشىمايدۇ. سەگەك پىكىر ئىگىلىرى ئاشۇ ئىدىيىلەرنى ئۈچۈرشىلار، ئىجتىمائىي ئالاقىلەر داۋامىدا يەنە بىر تۈركۈم سەگەك كىشىگە يەتكۈزىدۇ. شۇڭا مۇنەۋۋەر بىر زىيالىي ھايات ۋاقتىدا تەتقىق قىلىنىشى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مىللەتنىڭ ئومۇمىي پىكرىي قۇۋۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆزىتىلىشى لازىم. يامان يېرى، بىزدە بۇ ئۆلچەمگە چۈشىدىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلار ئاز قېلىۋاتىدۇ. قېنى، مېڭىپ باقايلى، يول تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدا !

# ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن دىئالوگلىشىش

## زاماندىاش زىيالىيلىرىمىزغا مۇراجىئەت

مېنىڭ بۇ مۇراجىئىتىمدە، ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدە يەنە قانداق ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلالايدىغانلىقى ۋە چوقۇم قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سەممىي دەۋەت، پىكىر يولى ۋە ئىزدىنىش يولىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇنازىرىگە، تەنقىدكە، ئىلمىي ئەمگەككە، تەخىرسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى بىر قېتىم دەڭسەپ كۆرۈش ھەققىدە چاقىرىق بار. مېنىڭچە، بۇ مۇراجىئەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھېس قىلىۋاتقىنى يالغۇز مەنلا ئەمەس. مۇشۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيسى ھېچبولمىغاندا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۇيغۇرنىڭ سەگەك، پىكرى ئويغاق زىيالىيلار قاتلىمىدا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا مەن نېمە دېمەكچى؟ بىزنىڭ ئىلاجىسىز ئەھۋالدا

قالغىنىمىز، چۈشكۈنلىشىۋاتقىنىمىز راست. ئەمما ئىزچىل سەل قاراۋاتقان، تىرىشساق چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدە قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. نۇرغۇن زىيالىيدا تەنقىدىي روھ، سەگەك مېڭە ۋە رېئاللىقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە كۆيۈۋاتقان يۈرەك، ئۆز چامىغا يارىشا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىق بار، ئەمما ھەمكارلىق روھى كەمچىل، ھەتتا ھەمكارلىقتا ئۇرۇنۇپ كۆرىدىغان جۈرئەتمۇ يوق.

بىزدە ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇش خاھىشى ئېغىر؛ باشقىلار دەۋاتقان ئون ئېغىز گەپنىڭ توققۇزىدا ھەقىقەت، بىرىدە پۈچەكلىك ياكى يەڭگىلتەكلىك ئەكس ئەتكەن بولسا، بىز ئاشۇ بىر ئېغىز خاتالىق ئۈچۈن ئۇنىڭ گەپلىرىدىكى توغرا تەرەپلەرنى كۆرمەيمىز ياكى مۇشۇ «بايقىشىمىز» نى دەستەك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇ زىيالىيدىن قالتىس ئىكەنلىكىمىزگە ئىچىمىزدە خۇش بولىمىز. نەزىرىمىزدە ئۇيغۇرنىڭ كارغا كېلىدىغان زىيالىيسىدىن ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك.

بىزدە ئۇچۇرلارنى بىر ـ بىرىمىزدىن قىزغىنىدىغان، بېسىۋالىدىغان، ئالماشتۇرمايدىغان ئاجىزلىق مەۋجۇد. بىزنىڭ نۇرغۇن زىيالىيمىز تالانتلىق. ئەمما، بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمدىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى، تەتقىقاتنىڭ مەقسىتىنى، ماقالە يېزىش قائىدىسىنى خاتا چۈشىنىۋالغىنىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە دىققەت قىلمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە خىجىللىق ئىچىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگوغا كېيىنچىلەپ كىرگەن نەزەرىيە ۋە ئۇيغۇرلاردا تىللاش، مەنسىتمەسلىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان نەزەرىيە ھەر بىر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ جېنى ئىدى. لېكىن، بىز ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى بولسىمۇ تولۇق ئۆگەنمىدۇق. ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيلىرى ئۆزى قىزىققان، تەتقىق قىلىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسى ۋە دۇنيادا ئۇ ھەقتە نېمە يېڭى تەتقىقاتلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇرۇنۇشنى كېچىكتۈرمەسلىكى كېرەك. مىللەتكە ئارتىلغان تالاي نۇقسان ۋە ئىللەت ئاۋۋال ئۆزىمىزدە بار. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىز ھەققىدە تەلتۆكۈس ئويلىنىشىمىز كېرەك. ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ، زىيادە كەڭرى ـــ ئابستراكت قىزىقىشنىڭ زېمىنى جىق تارتتۇق. ئۇيغۇرلاردا پىكىر يېغىلاش دولقۇنى قوزغاش پۇرسىتى كەلدى ھەم بۇ ۋەزىپە بىزنىڭ زىممىمىزدە. بىز جەمئىيەتلەشكەن ئۈچ مەرەز ئەۋج ئالغان مۇھىتتا (جەمئىيەتلەشكەن رەڭۋازلىق، جەمئىيەتلەشكەن پۈچەكلىك، جەمئىيەتلەشكەن ئىجتىمائىي بىنورماللىق) ياشاۋاتىمىز. بىز بۇ مۇھىتتا قانچىلىك چىرىدۇق؟ داۋاملىق چىرىمەسلىك ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك ؟ بىز ۋەھىمە ئوبيېكتىنى مۇبالىغە قىلىۋەتتۇق. ھەقىقىي ئەندىشىنىڭ مەنبەسى، ھەقىقىي دۈشمەننىڭ مەنبەسى ئۆزىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، بىز بىر خىل ئىمكانىيەتنىڭ يولى ئېتىلسە، يەنە بىر خىل ئىمكانىيەتنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز ۋە توساقلاردىن شۇڭغۇپ كىرەلىشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيلىرى ھەمكارلىشالمايۋاتىمىز. بۇ بىزدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مۇنەۋۋەر پېداگوگ ئابدۇۋەلى مۇقىيتنىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىنىڭ زىيالىيلارنىڭ بۇرچىغا ئاتاپ ئىشلەنگەن سانىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك: «مەن ئۇنىڭ بىر يېرىنى ياقتۇرمايمەن، ئۇ مېنىڭ بىر يېرىمنى ياقتۇرمايدۇ. ئىشقىلىپ، بىر ـ بىرىمىزنى ياقتۇرمايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە كېلەلمەيمىز.» تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىزدىكى ئىلىمگە بولغان ھۆرمەتنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكى، ئىلىم ئەخلاقىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھېلىمۇ پۈچەك ئادەملەرنىڭ جىقلىقىدىن ئىچىمىزدىكىنى تۆكىدىغان ئادەم تاپالماي قىينىلىمىز. ئەمدى بىر يەرگە كېلىپ بىلىدىغانلىرىمىز ھەققىدە دىئالوگلىشىشقا، قىلىۋاتقان تەتقىقاتىمىز ھەققىدە باشقىلاردىن پىكىر ئېلىشقا، ھەمكارلىششقا جۈرئەت قىلالمايمىزمۇ؟ بۇ ئۇنچىلىك دەرىجىدە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەستىغۇ ئاخىر؟باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك: ئىجتىمائىي پەنلەردە مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن پىكىرلەر بولمايدۇ، پەقەتلا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ قىلىنغان پىكىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ پىكىرلەر ھامان بىر تەرەپلىمىلىكتىن، يۈزەكىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ خىل نۇقسانى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى ئارقىلىق تۈزەتكىلى بولىدۇ. زىيالىيلارنىڭ، مىجەزى كېلىشىدىغان ئىلىمگەرلەرنىڭ سورۇنلىرى گەپ سېتىش، يەپ ـ ئىچىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالسا، بۇ، شۇ زىيالىينىڭ پۈچەكلىكى، قورسىقىنىڭ، روھىنىڭ تېخى تويۇنمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. بىز«ئىلىم چېيى»، «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش چېيى»، «كىتاب ئوقۇش تەسراتى

چىيى» دېگەندەك يېڭىچە سورۇنلارنى تۈزۈپ، بىر خىل ئىلمىي كەيپىيات پەيدا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

ئۆزىمىزدىن ئوبدانراق سوراڭ: «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سىزدىن باشقا ياخشىراق پىكىر قىلىدىغان ئادەم يوقمۇ؟» مېنىڭچە، بۇنى ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇر زىيالىي ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز پەقەت ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىزدىنىۋاتقانلار. شۇڭا ھەر بىرىمىز ئۆزىمىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ، ئۆزىمىز دەۋاتقان گەپنىڭ ئەھمىيىتىنى زىيادە يۇقىرى باھالايمىز، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى بىر خىل سوغۇق نەزەر بىلەن كۆزىتىمىز؟ راستىنلا باشقا زىيالىيلاردا بىز ئۆگەنگۈدەك تەرەپلەر يوقمۇ؟ ئەگەر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز، ئۇنداقتا سىز «ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش كېسىلى»گە گىرىپتار بولغۇچى. ھەر بىرىمىزدە، يۇقىرىقى سوئالغا «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىۋاتقان سىزدىمۇ كەمچىلىك بولىدۇ. پەقەتلا باشقىلارنىڭ پىكرىدىكى، ئىلمىي پوزىتسىيىدىكى ئارتۇقچىلىقنى، ئىشقىلىپ، ئۆگەنگۈدەك بىر يېرىنى ئاۋۋال كۆرەلىگەنلەر ۋە قوبۇل قىلالىغانلار قىممەتلىك زىيالىيلاردۇر. بىر زىيالىينى ئاخىرقى ھېسابتا كېرەكسىز قىلىۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، دەل«ئۆزىگە مەپتۇن بوپكېتىش كېسىلى»دۇر.

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ھەققەتەن ئاجىز، خەلقئارا ئۆلچەمدىن بەكلا يىراق. بىز ئىلىم تەتقىقاتىنى خاتا چۈشەنگەن. مەسىلەن، بىز كىتابخانىدىن «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»دېگەن ئېسىل كىتابتىن بىرنى سېتىۋالغان ۋە ئۇ كىتابلاردىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالغان بولساق، ئۆزىمىزچە شۇ پىكىرلەرنى مۇشۇ تېمىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق قاراش دەپ بىلىمىز، ئۇنىڭ خەلقئارادا شۇ تېمىدا ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن كىتابنىڭ ئىچىدىكى بىر كىتاب ئىكەنلىكى ۋە مەلۇم بىر خىل پىكىرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاشمايمىز. بىز ئىلىم تەتقىقاتىدىكى نەقىل قائىدىسى، ئىزاھات قائىدىسى، نەزەرىيە ئەسلەش قائىدىسى قاتارلىق قائىدىلەردىن دېگەندەك خەۋەرسىز. ماقالىلىرىمىزنىڭ تولىسى ھېسسىي قاراش تېپىدىكى ماقالىلەر بولۇپ، پاكىت ۋە ئىلمىي دەلىل كەمچىل. شۇ تېمىدا پەقەت ھازىرغىچە ئۆزىمىزلا قەلەم تەۋرىتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئەسەر يازىمىز. بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئوخشاش تېمىدىكى قاراشلىرىنى، خەلقئارادىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تۈزۈك ئەسلەپ ئۆتمەيمىز. ئەمدى بىز — مۇشۇ دەۋر زىيالىيلىرى مۇشۇنداق كۈلكىلىك پوزىتسىيىگە جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نەزەرىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزدىن خىجىل بولۇشىمىز كېرەك. ئاددىي ئاۋام ئارىسىدا نەزەرىيىنى تىللاش، مەنسىتمەسلىك، مازاق قىلىش، چۈشەنمەسلىك ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ خىل ناچار يۈزلىنىشنىڭ بىر مەسئۇلىيىتى بىز زىيالىيلاردا. سەگەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئەمدى كېچىكتۈرمەسلىكى، يېرىم يىل ئەتراپىدا ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى جىددىي ئۆگىنىشى كېرەك. ئېنگېلسنىڭ «ھەر قانداق بىر مىللەت دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەيدىكەن، ھەر دەقىقە نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن ئايرىلماسلىقى كېرەك» دېگەن سالمىقى ئېغىر گېپىنى، مېنىڭچە، ھەر بىر زىيالىي ئاڭلىغان، ئوقۇغان ياكى ماقالىلىرىدە نەقىل ئالغان. ئەمدى گەپنى ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىدىغان چاغ كەلدى. ھەر قانداق بىر ماقالىدە شۇ تېمىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ئۇقۇملارغا دائىر نەزەرىيىلەر جايىدا تەتبىقلىنىشى كېرەك. راست ئەمما قۇلاققا خۇشياقمايدىغان گەپتىن بىرنى قىلغاندا، بىز ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى تولۇق بىلمەيمىز.

بىز ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان نۇقسان - ئىللەتلەرنى ھېس قىلالايمىز ۋە پىكىر قىستىغاندا ئۆزىمىز بىلگەن نۇقتىلاردا قەلەم تەۋرىتىمىز. ئەمما بىزدە ئۆزىمىز تەنقىدلەۋاتقان ئىللەتلەرنىڭ ئۆزىمىزدە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان باتۇرلۇق بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ ئۆزىمىز ۋاقىتقا رىئايە قىلمىساق، ھەددىدىن زىيادە ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە زىياپەتنىڭ زىيىنىنى ھېس قىلىپ ۋە ئۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرۇپ، ئۆزىمىز ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ سەلبىي تەسىرى تۈپەيلى تەنقىدىي تەپەككۇردىن ئايرىلىپ قالساق، ۋاقىتلىق خۇشاللىقلار ئۈچۈن سورۇنلاردىن بېرى كېلەلمىسەك، تازىمۇ كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. زىيالىيلىق نامى ئابستراكت تەپەككۇردا، تەنقىدىي پىكىردە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، كونكرېت ھەرىكەتلىرىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئومۇمەن، بۈگۈنكى دەۋر ھېچقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيسىنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر ژان مىچېل ئۆزىنىڭ « تەنقىدچى زىيالىيلارنى تەنقىد » ناملىق ماقالىسىدە ئۆزى تەنقىد قىلىۋاتقان نۇقتىلارغا ئەمەل قىلمايدىغان

www.uyghurkitap.com

زىيالىيلارنى« ساختا ئالىجاناپلار » دەپ ئاتاپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇنداق زىيالىيلار تەنقىد ئۈچۈنلا تەنقىد قىلىدۇ. ئۇلار تەنقىدنى شۆھرەت ۋە ياشاش دەستىكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇلار تەنقىدسىز ياشىيالمايدۇ، ئەمما ئۆزى تەنقىد قىلىنىۋاتقان تېمىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تۇيمايدۇ.» ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھايات ۋاقتىدا:«قەھرىمانلارنى دەۋر يارىتىدۇ» دېگەنىدى. بۈگۈنكى دەۋر قەھرىمان بولالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارنى ۋاقتىدا تونۇپ ۋە ئۆز ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىپ ياشايدىغان زىيالىيلارغا، ئۆزىدە بار ئىللەتنى مىللەتكە ئارتىپ قويمايدىغان زىيالىيلارغا موھتاج.

بىز ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ، زىيادە كەڭرى قىزىقىشنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر سامانىدەك، ئەيدىزنىڭ يامرىشى تېز، ئىشسىزلىق ئېغىر، قىممەت قارىشىمىز كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى. لېكىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نىسبەتەن مەۋھۇم ياكى ئابستراكت نۇقتىلاردا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتىدۇ ياكى قەلەم تەۋرىتىۋاتىدۇ. مېنىڭ بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى بۇتخانىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ كۆزى يۇمۇلغان ھالەتتە يىراقلارغا يۈزلەنگەن راھىبلارغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بۇنداق راھىبسىمان زىيالىيلار كېرەك ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئابستراكت تەپەككۇرىمىز كونكرېت تەتقىقات تېمىسىدا ئىزچىللىشىشى، بىر تېمىدا پىكىر قىلىۋېتىپ يەنە بىر تېمىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. زىيادە كەڭرى قىزىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىجتىمائىي پەنلەردە ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ قىزىقىش ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە. بۇ ھال ھېچقانداق كونكرېت ساھەگە پىششىق بولماسلىق ، كەسپتىكى چالىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى پەلسەپە، سىياسىي، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئەدەبىيات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە زوررۇر بىلىملەردىن خەۋەرداردەك ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ساختا تۇيغۇ. ئۇ پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىزدىنىشىمىزگە، قىزىقىش دائىرىمىزنىڭ ھەممە تۈردە تەتقىقات قىلىشىمىزغا شارائىت يار بەرمەيدۇ، ئۆمرىمىزمۇ يەتمەيدۇ. بىز تەتقىقات دائىرىمىزنى كونكرېتلاشتۇرۇشىمىز ۋە كونكرېت تېمىلار ھەققىدە ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ ئىزدىنىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇرلاردا ئەخلاقشۇناس، پسىخولوگ، جەمئىيەتشۇناس يوق دېيەرلىك.

ئۇيغۇرلاردىكى ئەخلاق كرىزىسى، قىممەت قارىشى كرىزىسى، پسىخىكىلىق كېسەللەر ھەققىدە ئىزدىنىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغان زىيالىيلار بولۇشى كېرەك.

ھازىر ئۇيغۇرنىڭ تولۇق كۆرسىتىن يۇقىرى مەلۇمات ئالغان بىر قەدەر سەۋىيىلىك كىشىلىرى ئارىسىدىمۇ چوڭقۇرراق پىكىر يۈرگۈزۈلگەن كىتابلارنى ئوقۇماسلىق خاھىشى مەۋجۇد. بۇنىمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيلىرىنىڭ بىخۇدلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ رېئاللىق قانداق كېلىپ چىققان بولسا، بىز يەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. ئىلىم ھاۋاسى پەيدا قىلىپ ئىلىمنىڭ ئىناۋىتى، پىكىرنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك. مېنى مۇشۇنداق بىر خىل ئەھۋال ئېچىندۇرىدۇ : بىر باي مول داستىخان سېلىپ ئون زىيالىينى بىر يەرگە چاقىرىپ ئۆز گېپىنى ئاڭلاتقۇزۇپ ئولتۇرغۇزالايدۇ. لېكىن ئون زىيالىي بىر بايغا ئۆزىنىڭ گېپىنى يېگۈزەلمەيدۇ. بۇ بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ ئۇيۇشالمايۋاتقانلىقىنىڭ، ماددىيلىقنى زىيادە چوڭ بىلىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇ نىمە ئۈچۈن؟

نۇرغۇن سەگەك زىيالىيمىزنىڭ خىيالى شەخسىي دەردىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەردۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەر بىرىمىزدە دېگۈدەك مەۋجۇد. مەن بۇ گەپلەرنى دېيىشتىن بۇرۇن بەك ئىككىلەندىم . ساقال تارغىقى، ھاياجان، تەنتەك دەپ چۈشىنىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم. ئەمما مەن ئەمەلىيەتچانلىقنى ئۆگەندىم، كونكرېت ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمسىز سۆكۈتتىن، مۇجىمەل زىيالىينىڭ جىم بولۇۋېلىشىدىن ئەۋزەل تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇڭا، مېنىڭ خاتا چۈشىنىلىشىم مەن ئۈچۈن بەربىر. زىيالىيلارغا بۇ گەپلەرنى دېيىشىم، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش، پىكىرلىشىشكە رايىمنىڭ بارلىقىدىن، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭمۇ تەنقىد قىلىنىشنى خالايدىغانلىقىمدىندۇر.

ئاخىرىدا مەن سۆزۈمنى يەنىلا زىيالىيلار ھەققىدە جىق ئىزدەنگەن فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى پيېر بوردىئونىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «بىلىم ئىگىلىرى ــ ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشايلى!»

## شۇنداق زىيالىيلىرىمىزمۇ ئۆتكەن

ھەر دەۋرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سىناقلىرى، باش

قېتىنچىلىقلىرى، تېپىشماقلىرى بولىدۇ. ھەر بىر رېئاللىقنىڭ ئادەمنى بىردە ئۆرلىتىدىغان، بىردە چۆكتۈرىدىغان ئۆركەشلىرى بولىدۇ. زىيالىيلىرىمىزنىڭ تار ئىمكانىيەتلەر ئىچىدە قەدەم تەۋرىتىۋاتقانلىقى، ئويلىنىۋاتقانلىقى راست. بىز زىيالىيلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، «بۇرۇنقىلار قانداق قىلغان بولغىيدى؟ ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغان بولغىيدى؟» دەپ ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىمىز ۋە ئىمكانىيەت بار تۇرۇپ نېمىلەرنى قىلمايۋاتقانلىقىمىزغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا ئىمكانىيەتنى شەخسنىڭ كۈچى يارىتىدىغانلىقى، كۆڭلىمىزدىكىدەك رېئاللىقنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۇسالغۇلاردىن شۇڭغۇپ ئۆتسەك، بىر ئىشلارنى يەنىلا قىلغىلى بولىدىغانلىقنى ھېس قىلالايمىز. مەن بۇ كۆز قارىشىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خەلق ئالدىدىكى زىيالىيلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغان بىر قانچە ئالىممىزنى ئەسلەپ ئۆتىمەن. ئۇلار نېمىلەرنى قىلغان؟ ئۆز دەۋرىنىڭ باش قېتىنچىلىقلىرىنى قانداق ھەل قىلغان؟ ئەمدى بىز نېمە قىلالايمىز؟

ئىسلاھاتتىن كېيىن ئۇيغۇر رېئاللىقىدا تۆھپىسى تارىخقا يېزىلىدىغان ئىككى مۇنەۋۋەر زىيالىي بار. ئۇنىڭ بىرى، ئىبراھىم مۇتىئىي، يەنە بىرى، مىرسۇلتان ئوسمانوف. يەنى، بۇ ئىككى سۆيۈملۈك ئالىممىزنىڭ 1980- يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» قەبرىسىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققانلىقى ئاجايىپ شەرەپلىك بىر ئىلمىي ئەمگەك بولغان. دۇنياۋى بۇ كاتتا ئىلمىي ئەمگەك مەھمۇد كاشغەرىينى «ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك» دەپ تالىشىۋاتقانلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا خاتىمە بەردى. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىككى زىيالىي بۇ ئىش ئۈچۈن ئاجايىپ زور ئىلمىي ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئۇزۇن يوللارنى باسقان، كۆزگە ياش كەلگۈدەك تەسىرلىك ئىشلارنى قىلغان. «ئۇ يىللاردا شارائىت ياخشى ئىدى» دەيلى دېسەك، شۇ دەۋردىكى ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن پېشقەدەملىرىمىز چۈشىنىدۇ. دېمەك، زىيالىينىڭ رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتىشى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئىبراھىم مۇتىئىي ئاكا بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا زىيالىيلىق بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ ئەھمىيىتى يىللار ئۆتۈپ تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. گەرچە بۇ ئالىملىرىمىز ھېلىھەم ھايات بولسىمۇ، ھېلىتىن ئۇلارنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىدا ئەلۋەتتە بىر مۇنچە ئىجتىمائىي سەۋەب بار. ئەمما، ئۆزىمىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار بىلەن ئاشۇ زىيالىيلىرىمىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى سېلىشتۇرساقلا مەسىلىنىڭ نەدىلىكى ئايان بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئەقلىي مىراسلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە سەمەرىلىك ئەمگەك قىلغان بىر زىيالىيلار توپى بار. ئۇ بولسىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتلىك شاھانە ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى تەييارلاش جەھەتتە كاتتا ئەجىر كۆرسەتكەن ئەھمەد زىيائىي، داموللا ئابدۇلھەمىد يۈسۈفىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ھاجى ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرەشىد قارىھاجىم، ھاجى نۇرھاجى، خەلىم سالىخ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، سابىت روزى، ئوسمان مۇھەممەتنىياز، مەھمۇد زەيىدىي، ئابدۇللا مۇھەممەدىي قاتارلىق ئالىم- تەتقىقاتچىلىرىمىز (ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوفلارنىڭ ئىسمى بايا تىلغا ئېلىنغاچقا، بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرمىدۇق) دۇر. ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى بىزگە بىر مۇھىم پاكىتنى — بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا زىيالىيلار ھەمكارلىقىنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاشۇ ئالەمشۇمۇل ئىككى بۈيۈك ئىلمىي ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن بەزى ئالىملىرىمىز تۈرمىدىن يېڭى چىقىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن؛ ئەھمەد زىيائىي، داموللا ئابدۇلھەمىد يۈسۈفىي، ئابدۇرەشىد قارىھاجىم قاتارلىق ئالىملىرىمىز خوتەن، قەشقەرلەردىن كەلگەن؛ شۇ ۋاقىتتا ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى يۇكسەك بۇرچ نۇقتىسىدىن تونۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللىغان؛ ئالىم - تەتقىقاتچىلارغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. مانا بۇ — زىيالىيلىق بۇرچىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى. مانا بۇ — ھەمكارلىقنىڭ كۈچى. ئەلۋەتتە، بىز يەنە ئوخشىمىغان ساھەلەردە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تالاي ئىلمىي ئەجىر قىلغان، تۆھپىسى ئۇنتۇلمايدىغان

uyghurkitap.com

نۇرغۇن زىيالىينىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا ئەجىر قىلغان خەمىت تۆمۈر (قىلغان ئىلمىي ئەمگىكى يالغۇز بۇلا ئەمەس)؛ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىدە تۆھپە كۆرسەتكەن غەنىزات غەيۇرانىي؛ بۈيۈك يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ نەشردىن چىقىشىدا كوللىكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇكېرىم رەھمان، مەمتىمىن ھوشۇر، ئىمىن ئەھمەدىي، ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، ئابدۇرەھمان ئەبەي، سۇلتان ھاشىم، ئابلەت نۇرىددىن، نىجاد مۇخلىس قاتارلىق ئەدىب، تەتقىقاتچى، نەشرىياتچىلىرىمىز، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ يېڭى، سۈپەتلىك، كۆركەم نەشرىنىڭ چىقىشىدا كۈچ سەرپ قىلغان ئابدۇرەھمان ئەبەي، ئەھمەت ئىمىن قاتارلىق ئەدىب ۋە نەشرىياتچىلىرىمىز قەلب تۆرىمىزدە ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ قىممىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېشىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرىغا يانداشتۇرۇپ ئۇيغۇر ئالدىدىكى زىيالىيلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا دەللىللىگەن. ئۇلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنەتلىرى ئىسمى بۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىلىكى تۈپەيلى ئاتالماي قالغان باشقا نۇرغۇن تۆھپىكار زىيالىيمىزنىڭكىگە ئوخشاشلا داۋاملىق ئەسلىنىدۇ.

زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىشىدە تەشكىللاتچانلىقنىڭ رولى بەك چوڭ. ھەر قېتىم بۇ ھەقتە ئويلىغىنىمدا ئىككى زىيالىي ئىسمىگە كېلىدۇ. بىرى، مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ، يەنە بىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ. يەنى، ئۇلار ھايات چېغىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەش داۋامىدا ئۆزىنىڭ تەشكىللاتچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان. ئەلۋەتتە، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ ــ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە پەللە ياراتقان پېشۋالارنىڭ بىرى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە، تەشكىللاتچىلىق رولىغا تېخىمۇ يۇقىرى باھا بېرىمەن. ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئەدىب ـ زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا مەزھەپ كۆرۈش ئەۋج ئېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلگەندى. تېيىپجان ئېلىيېۋ دەل پەيتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەرزىمەس زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، ئەدىبلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش جەھەتتە ئەھمىيەتلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. زىيالىينىڭ بۇرچى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئاكىنىڭ بۇ روھى تولىمۇ قىممەتلىك ۋە رەھبەرلىك، زىيالىيلىق بۇرچىنى تەڭ ئۈستىگە ئالغان كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئەيىنەك. مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ ئاكىغا كەلسەك، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ «ئىلمىگە زىيارەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ئەمگىكى بىلەنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەھمەد زىيائىي قاتارلىق ئالىملىرىمىزنىڭ ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىشىغا ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىشىپ«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتەك ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلىشىغا ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر. بىر مەسئۇلىيەتچان، چېچەن زىيالىي رەھبەرلىك ئورنىغا چىقسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئاجايىپ بولىدۇ؛ مەنپەئىتى خەلققە بۇۋاستە تېگىدۇ. بۇنى تېيىپجان ئېلىيېۋ، مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ قاتارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان. زىيالىيلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچى ئاجىزلاۋاتقان بۈگۈنكى ئىجتىمائىي رېئاللىق دەل ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، بىزدە ئۇنداق زىيالىيلار قالمىدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە بار، بىزنىڭ قەدىردان زىيالىيلىرىمىز بار. ئەمما، تېخىمۇ جىق بولۇشى لازىم. شۇڭا ئۆزىنى ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيسى دەپ ئويلايدىغان ھەربىر سەگەك كىشى ئۆزىدىن: «مەن نېمە قىلالايمەن؟» دەپ سوراپ باقسا يامان بولمايدۇ. چۈنكى، ئامېرىكا مۇتەپەككۇرى جون دېۋېينىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانمىغان تونۇش ئەھمىيەتسىزدۇر.»

## نېمە قىلىش كېرەك ؟

*مەن سىز بىلەن سۆھبەتلەشكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىمايدىغان مېڭىلەر، تەۋرىنىدىغان قارارلارغا ئېچىنىدىغانلىقنى ئېيتالمايمەن.*

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن:«يېڭى يولدا قايتا ئويلىنىش»، («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سان)

«مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق ئۇنى كونتېرتپكە قويماسلىقتىنمۇ يامان.» (زىگمۇند باۋمەن، ئەنگلىيە)[6] خوش، ئەمدى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدۇق، مۇراجىئەتنىمۇ قىلدۇق.

ئەمدىكى ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ قىيىنى — نېمە قىلىش كېرەك ؟ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نۆۋەتتىكى ئىمكانىيىتىمىز يار بەرگەن دائىرىدە نېمە قىلالايدۇ ھەم نېمە قىلىشى كېرەك ؟ يازمىمىزنىڭ بۇ بۆلىكىدە بۇ نۇقتا ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

بىز سالماق پىكىر قىلىشنىڭ، چوڭقۇر ئىزدىنىشنىڭ بىر زىيالىي ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى يازمىمىزنىڭ «مۇساپىرچىلىقتا ئابدۇقادىر جالالىددىننى سېغىنىش» دېگەن بۆلىكىدە توختالغان. مەن بۇ بۆلەكتە دېمەكچى، تىرىشساق، ھەمكارلاشساق، ئىمكانىيىتىمىز يار بېرىدىغان مۇشۇ دەۋردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئەمدىكى گەپ، قانداق قىلىمىز؟ كىم قىلىدۇ؟ قانداق يوللارنى باسىمىز؟ مۇمكىن بولسا، بۇ كوللېكتىپ سۆھبەت قۇرۇپ قىلىدىغان مۇھاكىمە ئىدى. ئەمما شارائىت يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەيمىزدىكى بوش ساھەلەر ۋە قىلىشقا، ھەمكارلىق بىلەن ئىشلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدە يۈزەكى بولسىمۇ دادىللىق بىلەن قاراشلىرىمنى دەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. سەۋەبى، مەن دەۋاتقان بۇ خىزمەتلەر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە كوللېكتىپ تىرىشچانلىق ئارقىلىق مۇشۇ دەۋردە كۈنتەرتىپكە كېلىشكە تېگىشلىك، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قويۇشقا قەتئىي بولمايدىغان ۋەزىپىلەردۇر. بىز تىرىشساق قىلالايمىز. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلقنىڭ پىكىر قۇۋۋىتى بايلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر زىيالىي بۇ يازمىدا سەھىپە چەكلىملىكى تۈپەيلىدىن تىلغا ئېلىنماي قالغان چالا قالغان نۇقتىلار ۋە ئەمگەكلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ باقسا، سۆھبەت قۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرسا تاماملەن بولىدۇ. چۈنكى گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسى يۈرگېن خابېرماس (Jurgen Habermas, 1928 —) نىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «بىز ئىلىم دىئالوگى ئارقىلىق ئەقلىيلىشىش يولىغا قەدەم قويالايمىز.»

**1. ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن.** ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئەدەبىيات نىسبەتەن گۈللەنگەن. گەرچە سۈپەتلىك ئەسەرلەر ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەب، شارائىت چەكلىملىكى تۈپەيلى ناھايىتى ئاز چىققان بولسىمۇ، بۇ ساھەگە ئىشتىياق باغلىغان، زېھنىنى بەرگەن، ھاياتىنى ئاتىغان زىيالىيلىرىمىز باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك. ئەمما، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان بىر پاكىت شۇكى، بۇ ساھەدە ئادەم خېلى جىق، دوكتور، ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تەنقىدچىلىك نەزەرىيىسى ھەققىدە سىستېمىلىق ئىلمىي ئەمگەكلەر تۈزۈك بارلىققا كەلمىدى. ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن ئاكىنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە»، بوغدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» نامدىكى بىر يۈرۈش كىتابلىرىنىڭ ئىچىدىكى شېئىر ھەققىدىكى قاراشلار، ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدىكىلەر ئۈچۈن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ۋە شۇنداقلا كونىراپ قالغان « ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» (ئابلەت ئۆمەر تۈزگەن) بۇ جەھەتتە ئاز- تولا ئاساس سېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئىشلەنگەن خىزمەتلەر يېتەرلىك ئەمەس. شېئىرىيەت نەزەرىيىسى، پروزا نەزەرىيىسى، تەنقىد نەزەرىيىسى ئايرىم يېزىلىشى، تىلشۇناسلار بىلەن شائىرلار بىرلىشىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېئىر گراماتىكىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاشلاپ قويىدىغان خىزمەت ئەمەس. بۇ ھەقتىكى قارىشىم، تەكلىپىم تۆۋەندىكىچە:

① **ئۇيغۇر شېئىرىيىتى نەزەرىيىسى.** بۇ ئەمگەكتە كلاسسىكلىرىمىزدىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلاردىن تارتىپ 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كېلىپ، ھازىرغىچە تەسىرى بولۇۋاتقان «ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى» («گۇڭگا شېئىر»ئاتالغۇسى مۇۋاپىق ئەمەس) نىڭ ئالاھىدىلىكى، نەزەرىيىسى يەكۈنلەنگەن مەزمۇنلار بولۇشى كېرەك. بۇ، بىر ئادەملا قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىش ئەمەس. بۇ ئىلمىي ئەمگەك چوقۇم تەتقىقاتتەك بولۇشى، نەچچە دەۋر شېئىرىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھايات شائىرلار زىيارەت قىلىنىشى لازىم. مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئابدۇبەسىر شۈكۈرىي، مامبەت تۇردى قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ ھەمكارلىقىدا شۇنداقراق بىر خىزمەتنىڭ ئىشلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولسامۇ، تەتقىقاتنىڭ قانداق مېتودتا كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. مۇمكىن بولسا (بۇ تەس ئىش ئەمەس) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر بىرىنچى ئەۋلاد شائىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىرلاردىن مۇھەممەت رەھىم ئاكا (ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا بۇ ئۇستازنى

زىيارەت قىلماي ئاتلاپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ. تەتقىقاتچى بۇ ئەدىبنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلانغاندىن باشقا، ئۆزىنى زىيارەت قىلىشى كېرەك)، ئىككىنچى ئەۋلاد شائىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىرلاردىن قۇربان بارات، بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن ئەھمىدىيلەرنىڭ، ئۈچىنچى ئەۋلاد شائىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىرلاردىن ئادىل تۇنىياز، ئابدۇقادىر جالالىدىن، مەرھۇم باتۇر روزى، پەرھات ئىلياس، ئەزىزى، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى توغرۇلۇق پىكىر ئېلىنىشى، ئەنئەنىۋى تەتقىقات مېتودى ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. شېئىر توغرۇلۇق نەزەرىيىۋى كىتاب يېزىلىپ، شائىرلار زىيارەت قىلىنمىسا، بۇ قانداقمۇ ئۈنۈملۈك تەتقىقات بولسۇن؟

② **ئۇيغۇر پروزىچىلىق نەزەرىيىسى.** مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم ھەرگىزمۇ پروفېسسور ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ۋە كېرىمجان ئابدۇرېھىملار ئىشلىگەندەك (ئەلۋەتتە، بۇلارمۇ قەدىرلىك ئەمگەكلەر) تەتقىقاتنى ئەمەس، بەلكى رومان، پوۋېست، ھېكايە، نەسر توغرىسىدا خەلقئارادا ئېقىۋاتقان نەزەرىيىلەردىن ئورۇن بېرىلگەن، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ خاس تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن نەزەرىيىۋى ئەمگەكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، پروزىچىلىق نەزەرىيىسى جەھەتتىكى قەھەتچىلىك ۋە بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا ئەدەبىيات تەنقىدچىسى رېنت ۋېلېكنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى، ئامېرىكىلىق ئەدەبىياتشۇناس كلېنس بروكس ۋە روبېرت ۋارېن بىرلىشىپ يازغان «شېئىرنى چۈشىنىش» (理解诗歌 Understanding Poem)، «پروزىنى چۈشىنىش» (理解小说 Understanding Fiction) قاتارلىق ئەمگەكلىرىنى ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى ئەدەبىيات تەرجىمانلىرى كوللېگىيىسى تەرجىمە ۋە نەشرگە ئۇيۇشتۇرسا دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن. بۇ كىتابلارنىڭ خەنزۇچىسى تېپىلىدۇ، بەزىلىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۆتۈلۈۋاتىدۇ).

③ **ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش.** بىلىشىمچە، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ ئالدىنقى ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. ھازىر چەت ئەللەردە ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدىغان چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار بار. بىرەر ئورۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانلىرىنى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ پوۋېستلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇش لازىم. ئىقتىساد بولسا، تەشكىللەيدىغان ئادەم بولسا، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىدىغان ئادەمنى تاپالايمىز. ئادەمنى خۇشھال قىلىدىغىنى، ھازىر ئۇيغۇر ئىنتېر تورلىرىدا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى ئىنگلىزچىگە بىۋاسىتە ئۆرۈپ مەشىق قىلىۋاتقان بىرتۈركۈم ياش ئىزدەنگۈچى بار. ئۇلار ئۈمىدلىك مايسىلاردۇر. يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ. مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇتۇش» خام خىيالغا جۆر بولماقچى ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، دەۋرىمىزدە ئىمكانىيىتى بار بولغان ئىشلارغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىشىمىز، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاشلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

④ **ئۇيغۇر شېئىر تىلى گىراماتىكىسى.** شېئىرنىڭ ئايرىم تىلى بولىدۇ. شېئىردا ئىشلىتىلگەن تىلنى ئومۇمىي گىراماتىكا نۇقتىسىدىن شەرھلەپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇ خىزمەتتە تىلشۇناسلار بىلەن شائىرلار ھەمكارلىشىشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ خىزمەتكە پەرھات ئىلياس بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئابدۇرېھىم رەھمان ھەمكارلىشىپ باقسا ياخشى بولامدىكىن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، جۇڭگو خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۈچ توملۇق «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن تاللانما»، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنى چۈشىنىش» (بىر توم) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە مەشھۇر يازغۇچى — شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇش لازىم. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قىلىنىدىغان ئىش بۇلا ئەمەس، ئالدىمىزدا كونكرېت ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتقان ۋەزىپىلەر ھەققەتەن جىق.

**2. پەلسەپە نۇقتىسىدىن.** بىزدە ھازىرغىچە پەلسەپىۋى ئەمگەكلەردىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىدىن ئوچېركلار»، «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» قاتارلىق ئىجادىي كىتابلار، «سوفىيەنىڭ دۇنياسى»، «زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» قاتارلىق

تەرجىمە كىتابلار نەشر قىلىندى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى پەلسەپىۋى كىتاب دېيىشكە بالدۇرلۇق قىلىسمۇ، ھەر ھالدا مۇشۇ ساھەدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇلا كۆپايە قىلمايدۇ. يەنە بىزدە «20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدىيە تارىخى»، «يېقىندىن يېزىلغان ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، ئۇيغۇر رېئاللىقىغا ماس ھالدا تونۇشتۇرۇلغان «غەرب پەلسەپىسىدىن ئۆرنەكلەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىشلەنسە ياخشى بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

**3. جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە ئۇقتىسىدىن.** بۇ ئىككى پەننى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى بوشلۇق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرمەسلىكى كېرەك. مېنى ئەڭ ئازابلايدىغان بىر پاكىت شۇكى، تالاي ياشنىڭ روھى ئۆلگەن، ئۆز رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى يوقاتقان. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بۇ تېما «روھ ئۆلتۈرۈش» تېمىسىدا تەتقىق قىلىنىدۇ. شۇنى دېيىش كېرەككى، رېئاللىقنى تونۇش يارىتىدۇ، ئوبيېكتىپ رېئاللىق سۇبيېكتىپ خىيالدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى نەچچىلىگەن ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بىر سۇبيېكتىپ تونۇشقا ئىگە بولسا، ئۇنداقتا بۇ سۇبيېكتىپ خىيال رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. مىسالەن، بىرلا ۋاقىتتا مىڭ ئۇيغۇر«ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن ئىش چىقمايدۇ» دېسە، ئۇنداقتا ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان رېئاللىق پەيدا بولىدۇ. بۇ، بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان رېئاللىق. ئەمەلىيەتتە، خاتا تونۇش سەۋەبىدىن رېئاللىقتىكى بەزى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىمىزدىن قانداق مەھرۇم قالغان بولساق، رېئاللىقتا قانداق چېكىنگەن بولساق، يەنە ئوخشاش ئۇسۇلدا توغرا تونۇشنىڭ ياردىمىدە بىر خىل رېئاللىق يارىتالايمىز. بۇ، «بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى» نۇقتىسىدىن ئىشلىنىدىغان تېما. شۇڭا بىزدە «روھ، جەمئىيەت ۋە رېئاللىق»، «ئۇيغۇرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى»، «ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر»، «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىي بىنورماللىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى»، «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى»، «جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى» قاتارلىق ئىجادىي ئەمگەكلەر بولۇشى، بۇ نۇقتىدىن جەمئىيەتشۇناسلار بىلەن پسىخولوگلار ھەمكارلىشىشى كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىزنىڭ قولىمىزدا ھازىر ۋاھىد غاپپار تۈزگەن « پسىخولوگىيە لۇغىتى » دىن باشقا، پسىخولوگىيىگە دائىر تۈزۈك كىتاب يوق. جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسى بولسا پۈتۈنلەي قۇرۇق. بۇ ھال ئىجتىمائىي پەنلەرگە قىزىقىدىغان بىر تۈپ ياشنىڭ ئەدەبىيات كوچىسىغا سىغدىلىپ كىرىۋالماي، مۇناسىۋەتلىك باشقا ساھەلەرگە يۈرۈش قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

**4. تىلشۇناسلىق ۋە تەرجىمشۇناسلىق نۇقتىسىدىن.** خىمىت تۆمۈر ئاكا ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 1995-يىلى كۈزدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بويىچە دېسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋېتىپ: «ئۇيغۇرلاردا ياشلار بىلەن پېشقەدەم تىلشۇناسلار ئارىسىدا ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولۇۋاتىدۇ. تىلشۇناسلىق ساھەسىدە قۇربان بېرىدىغانلار بولسا بولاتتى» دېگەنىدى. توغرا، تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئاسپىرانتلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سۇنىدىغان ۋاقتى كەلدى. « ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گراماتىكىسى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ئەسىرلىك ئۆزگىرىشلەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ ياتىدۇ.

تەرجىمشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىزدە توختى باقى ئارتىشى ئاكا، ئەھمەت پاسار ئاكا خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەزەرىيىسىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ خىزمەتنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا بەل باغلىغان، ئىش قىلىۋاتقان، تەرجىمە نەزەرىيىسىگە ئۆمۈرلۈك مۇھەببەت باغلىغانلار زادى قانچىلىك ؟ بۇرۇن چىققان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەزەرىيىسى»(شى جېكتىيەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن ) تۈزىتىلىشى ياكى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ قايتىدىن يېزىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تەرجىمە نەزەرىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا ئىنگلىزچە بىلىدىغانلار خېلى ئاۋۇپ قالدى. بولسا، رەھبەرلەر ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمىگە شارائىت يارىتىپ بەرسە، بىر تۈركۈم ئەسەر ئىنگلىزچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنسا، تەرجىمىچىلىكىمىزنىڭ يېڭىچە بىر مەنزىرىسىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتۇق، ئەۋلادلارغا بىر يول ئېچىپ بېرەتتۇق.

**5. فولكلور، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن.** بۇ ساھەدە «ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلورى» (ئابدۇكېرىم رەھمان)، « بۆرە توتېم مەدەنىيىتى»(ئەسەد سۇلايمان)، «ئۇيغۇر مازارلىرى» (راھىلە

داۋۇت)، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاقى»، «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»(ئەنۋەر سەمەد قورغان)، «ئۇيغۇرلاردا ھايات كۈلپىتى ۋە ئۆلۈم قارىشى» (ئىقبال تۇرسۇن)، «ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك تارىخى»(ئىسرايىل يۇسۇپ )، «ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى» (ئوسمان ئىسمائىل تارىم)، «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» (غەيرەتجان ئوسمان)، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» (رەھمانجان ئابدۇرېھىم)... قاتارلىق ئەمگەكلەر ئىشلەندى. ئەمما، ئۇيغۇر مەۋجۇدلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، نۆۋەتتە جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مىزانلىرىمىز، ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز ھەققىدە ئىزدىنىدىغان ئادەملەر بولۇشى، «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ئىگىلىكى»، «ئۇيغۇر مەۋجۇدلۇقى ۋە ئەخلاق»، «20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەخلاق قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر»، «ئۇيغۇرلاردا ئەرلىك كرىزىسى»، «ئۇيغۇر قىممەت قارىشىنى قايتىدىن باھالاش»، «شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا ئۇنتۇلغان پەرھىزلەر» دېگەندەك ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىشلىنىشى كېرەك. بۇ خىزمەتتە راھىلە داۋۇت، ئەنۋەر سەمەد قورغان، ئىقبال تۇرسۇن، ھەسەنجان ساۋۇت قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە بۇ ساھەلەردە ئەتراپلىق ئىزدىنىۋاتقان ئابدۇرېھىم دۆلەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، ئادىل ئابدۇرېھىم، ھەببۇللا توختى، زەمىرە مىجىت، ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن ... قاتارلىق ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى بەكمۇ ئېغىر. بىز باش قوشۇشىمىز، ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك. بىز ئەۋلادلار ئالدىدا، تۇپرىقىمىز ئالدىدا بۇ خىزمەتلەرگە قەرزدار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە ئۇيغۇرلاردىكى ئاۋام مەدەنىيىتى، سەنئەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ گېنى، مۇقام ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار دېگەندەك نۇرغۇن تېما بايقىشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى، ھەمكارلىشىشىمىزنى كۈتۈپ ياتىدۇ. بىزدە«سەن سالۇر، مەن سالۇر، ئاتقا ئوتنى كىم سالۇر» دەپ بىر ھېكمەت بار. بۇنى ئىنگلىزلار «ھەممىنىڭ ئىشى ھېچكىمنىڭ ئىشى ئەمەس» (Everybody's business is nobody's business) دەپ ئىپادىلەيدۇ. « مەن نېمە قىلالايتتىم؟ مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ بۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ قاراش، سۇبيېكتىپ خىيالىمىز ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئايلىنىپ، راستتىنلا بىزنى ئەۋلادلار ئالدىدا قارا يۈز قىلىدىغان پاسسىپ ئىجتىمائىي ئاتموسفېرا جەمئىيەتلىشىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ۋىجدانلىق بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئاقىۋەت. ئەگەر ئىدىيە بايقىغۇچى بولالمىساق، يەتكۈزگۈچى بولايلى؛ ئىدىيە يەتكۈزگۈچى بولالمىساق، ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى بولايلى. ئەگەر ھېچنېمە قىلالمىساق، ھېچبولمىغاندا «ئۇيغۇر تۈگەشتى» دېگەندەك مەزمۇندا چۇشكۇنلۇك تارقاتمايلى. چۇشكۇنلۇك ۋابا دېمەكتۇر. چۇشكۇن ئىدىيە تارقاتقۇچى ھازىرقى رېئاللىقىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ۋابا تارقاتقۇچىلاردۇر؛ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ھەمكارلاشالمايدۇ دېگۈچىلەر ئىلمىنىڭ، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر؛ ھەر قانداق ياخشى تەكلىپنى، ئىدىيىنى پاخاللاشتۇرۇۋېتىدىغانلار ئۇيغۇرنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتىگە چۇشكەن مىتىلەردۇر؛ تونۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتمىگەنلەر مەغلۇبىيەتچىلەردۇر؛ ھەمكارلىشىشنى خالىمايدىغانلار دەۋرنىڭ يۈزلىنىشى، ئىلمىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدىغانلار ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچىلەردۇر؛ ھەقىقىي ئىلمىي مېتودتىن خەۋەرسىز «پارتىزانلارچە تەتقىقات» ئېلىپ بېرىۋاتقانلار ماغزاپ تەتقىقاتچىلاردۇر. ئۇيغۇرنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بۇنداق زىيالىينى كېرەك قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئىلمىي روھقا ئىگە، باش چۆكۈرۈپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدىغان مەسئۇلىيەتچان زىيالىيلارنى ۋە شۇ زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغان ئىلمخۇمار، سەگەك، چېچەن تەشكىلاتچىلارنى، نەشرىياتچىلارنى، رەھبەرلەرنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى يەنە ئىلىم تەتقىقاتىنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئىلمىي ئەمگەكنىڭ بىر مىللەتنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتى، تارىختىكى ئورنىنى تونۇغان ساخاۋەتلىك كىشىلەرنى كۈتىدۇ ۋە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنى كىتاب، بىلىم، ئىلمىي ھاۋانىڭ قەدرىنى قىلىشقا، ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئوقۇشقا، ھېچنېمە قىلالمىسا، مۇشۇ ساھەدىكى ياخشى كىتابلارنى، ياخشى ژۇرناللارنى سېتىۋېلىپ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى، ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇشقا چاقىرىدۇ.

يازمىمىز سەھىپە ئېتىبارى بىلەن مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما بۇ، مەسئۇلىيەتچان زىيالىيلىرىمىز بىلەن قىلىشىدىغان دىئالوگىمىزنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەن ئېفىئوپىيە خەلقىنىڭ ھەمكارلىق ھەققىدىكى «ئۆمۈچۈك تورىنى بىرلەشتۈرسە شىرنىمۇ باغلىغىلى بولىدۇ» دېگەن گېپىدىكى تىرەن مەنىگە ھەيران قالىمەن. شەخسنىڭ كۈچىنى ئاددىي چاغلىمايمەن. مەۋجۇد مەسىلىلەر ھەققىدە ھەر بىر زىيالىي تەڭ

تىرىشسىكەن دەپ ئويلايمەن. ئەلۋەتتە خىيال بىلەن رېئاللىق ئارىلىقىدا زور پەرق بار. ئۇتوپىيە بىلەن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئوتتۇرىسىدا ھالقا بار. تەسەۋۋۇر يەنىلا تەسەۋۋۇر. چۈش بەك گۈزەل. ئەمما، نۇرغۇن ئىختىرا تەسەۋۋۇردىن پەيدا بولغان. ئېينىشتېيننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «تەسەۋۋۇر بىلىمدىن مۇھىم.»

## ئاخىرقى سۆز : ھاۋايدا كۆرگەن چۈش

بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق تولا ئويلىنىپ كاللامغا تەسىر قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بىر قىزىق چۈش كۆرۈپتىمەن. نەچچە ئۇيغۇر زىيالىيسى بۇ ماقالىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى زىيالىيلىرىغا ۋەكىللىك قىلارمىش. بىردەمدە بىر ئايرىمخانا ئىچىدە ئۇلار جەم بوپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر ئىمىن ئەھمىدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھمان ئەبەي، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەركىن قادىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇشۈكۈر موللەك، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلىز قەييۇم، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شائىر ئابلىكىم ھەسەن، كىتاب سودىگەرلىرىدىن شائىر ئەركىن ئىبراھىم بار ئىكەن. سورۇندا ئابدۇقادىر جالالىددىن، يالقۇن روزى، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي ئۈچى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى قىلىۋاتقانمىش. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، ئەدەبىيات تەرجىمانى دىلمۇراد تەلئەت، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى مامبەت تۇردى، ئابدۇبەسىر شۈكۈرىي، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى پولات ھېۋىزۇللا كېچىكىپرەك كەپتۇدەك. سورۇن رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن ئابدۇرەھمان ئەبەي ئاكا سۆز قىلىپ: «ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئىش قىلىش تەشەببۇسى نۆۋەتتىكى ‹شەرق شاملى › قۇرۇلۇشىنىڭ روھىغىمۇ ماس كېلىدۇ. قىلىدىغان ئىشلار جىق. ئىلمىي ئەمگەكلەر بولسا، يورۇقلۇققا چىقىشقا ياردەم قىلىمىز. ئىش قىلىدىغانلار قورقماي ئىشلىسۇن» دېگۈدەك. قالغان نەشرىياتتىكىلەرمۇ بىر ئېغىزدىن ئاۋاز قاتقۇدەك. سۆھبەت قانداق ھەمكارلىشىش، نېمىلەرنى قىلىش ھەققىدە ياخشى كەيپىياتتا داۋام قىلىۋاتقۇدەك. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا بىلەن ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ قولىدا جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك ئەمگەكلەرنىڭ تىزىملىكى تۇرغۇدەك. بىر چەتتە سورۇن باشقۇرۇۋاتقان يالقۇن روزى ئاكا «سورۇندا ھاراق يوقمۇ» دەپ ئاغزىنى تاتىلاۋاتقان ئەركىن ئىبراھىمغا: «بۈگۈنكى سورۇندا ھاراق يوق. ھاراق ئىچىپ دېيىلگەن گەپلەر شۇ سورۇندىلا قالىدىكەن. گېلىڭ قىچىشسىمۇ بىر دەم جىم ئولتۇر. سەن مەبلەغ سالغۇدەك كىتابلارنىڭ گېپى چىقىۋاتىدۇ » دېگۈدەك.

ياتقىمدىكى سائەتنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇھ، چۈش كۆرۈپتىمەن، نېمىدېگەن شېرىن چۈش، ھاۋايدا كۆرگەن چۈش... قارىغاندا يۇرتنى، شۇ قەدىردان زىيالىيلارنى سېغىنغان ئوخشايمەن.

— ئابلىكىم ئىمەت فوتوسى

## نەقىل مەنبەلىرى

1. ئېلىخۇ كاتز، پاۋل لازارسفېلد: «ئادەمنىڭ تەسىرى»

Elihu Katz and Paul F. Lazarsfeld: "Personal Influence", Ontario, Canada: The Macmillan Company, 1964, P6

2. ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئۈچ نەسىر»، «شىنجاڭ باج ئىشلىرى» ژۇرنىلى 2001-يىل 9-سان 65-بەت.

3. جون دېۋىي: «دېموكراتىيە ۋە مائارىپ»

Jhon Dewey: "Democracy and Education", New York, Free Press, 1997 c, p112

4. كارل مەنخەيم: «ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە»

Karl Mannheim: "Ideology and Utopia", Harcourt and Brace Company, 1946, p214

5. داۋد سۋارتس: «مەدەنىيەت ۋە ھوقۇق : پىئېر بوردىئو جەمئىيەتشۇناسلىقى»

David Swartz: "文化与权利",上海译文出版社，第2006年版，286页

6. جىڭ لى: «زىگمۇند باۋمەننى چۈشىنىش»

郑莉: "理解鲍曼"，中国人民大学出版社，2006年版，159页

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى (M1)

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى



# ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

سۆھبەتلىشىپ رەتلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد ئالغا

مەن بۇ يىگىت بىلەن تاسادىپىي يۇسۇرتتا تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان ئىشتىياقى مەندە ئۇنىڭغا ئۆزگىچە ھۆرمەت ۋە قىزىقىش قوزغىغانىدى. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىدا خېلى راۋان سۆزلىيەتتى. مەن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر ئىنگلىزلىككە ئۇيغۇر تىلىدىن ئالتە ئايدەك دەرس ئۆتكەنىدىم. شۇ ۋاقىتتا بىزگە شۇنداق ئاددىي تۇيۇلىدىغان بۇ ئانا تىلنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ھەم چەت ئەللىكلەرگە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىدىغان ماتېرىيالنىڭ تايىنى يوق خېلى قىينالغانىدىم. شۇڭلاشقا بۇ يىگىتنىڭ تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكى ھېس-تۇيغۇ، تەجرىبىلىرىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە، ئۇنىڭ بىلەن تېپىشلىپ سۆھبەتلىشىش ئويۇمنىڭ قوزغالغانلىقىنى دېسەم، ئۇ تولىمۇ رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى. بۇ سۆھبەت ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلماقچى بولغانىدى. بىراق ۋاقىتنىڭ سەل جىددىي بوپقېلىشى سەۋەبىدىن، ئۇ«بەزى سۆزلەرنى تېپىپ بولالمايدىكەنمەن» دەپ ئىنگلىزچە جاۋاب يازدى. مەن ھېچ يېرىنى ئۆزگەرتمەي، ھېچنېمە قوشماي ئۇيغۇر تىلىغا ئېيندەن تەرجىمە قىلدىم. ئۇ بەزى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى خوپ كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى سوئاللىرىم جاۋابسىز قالدى...

ۋىنسېنتنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەملىشىپ ئامېرىكىدا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى ئېچىش پىلانى بار ئىكەن. ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارىسىدىن قىزىققۇچىلار بولسا، مەن بىلەن ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقە قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويسام بولىدۇ. ئېلخەت ئادرېسىم: uyghur@yeah.net

**باشتا، ئۆزۈڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

ماقۇل. ئىسمىم — ۋىنسېنت مالىك (Vincent Malic). بۇ يىل 23 ياشقا كىردىم. فىلىپپىن قان تىپىدىكى ئامېرىكىلىقمەن. ئائىلىمىزدە ئاتا-ئانام، 16 ياشقا كىرگەن ئىنىم ئانجىرو ۋە مەن تۆت جان بار. ئاتا-ئانام فىلىپپىندا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولغان. بوۋام 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونلار بىلەن جەڭ قىلغان

**يۈرەكتىن يۈرەككە يول**

كىشى ئىكەن. ئۇ ۋاقىتتا، فىلىپپىن ئامېرىكىغا قارام زېمىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بوۋامنىڭ باتۇرلۇقىغا «ئامېرىكا گراژدان»لىقى ئىنئام قىلىنغانىكەن. ئامېرىكا قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا گراژدانلىقىدىكى ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بالىسى تەبىئىي ھالدا ئامېرىكا گراژدانى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتام تۇغۇلۇشىدىنلا ئامېرىكا گراژدانى.

يىگىتلىك يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئاتام ئامېرىكا گراژدانلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئانامنى ئېلىپ ئامېرىكىغا بېرىپ ھەربىي قىسىمدىن خىزمەت تېپىشنى قارار قىلغان. بۇ، مەن تۇغۇلماستا، يەنى 1970 - يىللاردا بولغان ئىش. ئاتام ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن ئۇچقۇچىلىق كۇرسىغا قاتنىشىپ سالاھىيەت ھازىرلاپ، كېيىن ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى 141 - Cنىڭ ئۇچقۇچىسى بوپتىكەن. مەن كالىفورنىيەنىڭ شىمالىدىكى بىر ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا تۇغۇلغانىكەنمەن. بىراق مەن ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا ئائىلىمىز بويىچە تېننېس شىتاتىنىڭ مەمپىس دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەلدۇق. مەن مۇشۇ يەرنى يۇرتۇم دەپ قارايمەن. ئانام ئاممۇۋى سەھىيە كەسپىدە ئوقۇپ، 1992 - يىلى ئىنىم تۇغۇلغانغا قەدەر، بىر تىببىي لابوراتورىيىدە ئىشلىگەنىدى.

ئاتا-ئانامنىڭ ئەسلىي يۇرتى ئاسىيادا ۋە ئاتام ئۇچقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇ، دۇنيادىكى ھەممە جايغا توختىماي ئۇچۇپ تۇراتتى ۋە بارغان يەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بۇيۇملىرىدىن ئالغاچ كېلەتتى. ئاتامنىڭ يەتتە قىتئەنى ئايلانغانلىقى، شىمالىي قۇتۇپتىن جەنۇبىي قۇتۇپقىچە بېرىپ باققانلىقىنى ئويلىسام، ئۇنىڭدىن شۇنداق پەخىرلىنىپ كېتىمەن. شۇڭا مەندىمۇ كىچىكىمدىنلا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە شۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا زىيارەتكە بېرىش ئىشقى قوزغالغانىدى. مەن لوس ئانجېلىستىكى جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقتىمدا «ئىنسانشۇناسلىق ۋە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى» دېگەن كەسىپنى تاللىدىم. مۇشۇنداق كەسىپلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەلگۈسىدە ئاتامغا ئوخشاش باشقا مەدەنىيەتلەرنى چۈشىنىش ۋە شۇ يەردە ياشاش پۇرسىتىم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئاخىرىدا ئىشەنگىنىم راست بولۇپ

چىقتى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۆپىنچە ۋاقتىم چەت دۆلەت ـــ جۇڭگودا ئۆتتى.

**شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشىڭىز قانداق باشلانغان؟ «ئۇيغۇر» دېگەن خەتنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە قانداق ھېس قىلغانتىڭىز؟**

ج: مەن مەكتەپتە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى كەسپىنى تاللىغانلىقىم ئۈچۈن، 2005 ـ يىلى ـــ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمنىڭ ئىككىنچى يىلى، جياڭسۇدىكى نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا تىزىملاتتىم. 2005 ـ يىلى فېۋرالدا مەن ئۇ مەكتەپتە تۆت ئاي خەنزۇ تىلى ئۆگەندىم. مەۋسۇم ئاخىرىدا دوستۇم بىلەن باشقا جايلارغا ساياھەتكە بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئۇ ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمى بولغان جياڭسۇدا تۆت ئاي تۇرغاچقا، بىز جياڭسۇ، شاڭخەي ۋە ياكى بېيجىڭغا ئوخشىمايدىغان بىرەر شەھەرگە بېرىپ بېقىشنى خالاپ قالدۇق. بىراق بىز نەگە بېرىشنى جەزملەشتۈرەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاددىي بىر ئۇسۇلنى تاپتۇق: جۇڭگو خەرىتىسىنى ئېچىپ نەنجىڭغا قەيەر ئەڭ يىراق بولسا شۇ يەرگە بارايلى، دېيىشتۇق. ئەلۋەتتە، ھەممىڭلارغا تونۇشلۇق بولغىنىدەك، نەنجىڭغا ئەڭ يىراق جاي ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بىزنىڭ 2005 ـ يىلى ساياھەت قىلىدىغان نىشانىمىز بولۇپ بەلگىلەندى. بىز ئۈرۈمچىگە نەنجىڭدىن ئايروپىلاندا كەلدۇق. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئالتاي ۋە قەشقەرگە ساياھەتكە باردۇق.

ئۇ ۋاقىتتا دوستۇم بىلەن مەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئىنتايىن ئاز نەرسە بىلەتتۇق. ئىنگلىز تىلى ياكى خەنزۇ تىلىدا«غ» تاۋۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز «ئۇيغۇر» دېگەن خەتنى قانداق تەلەپپۇز قىلىشنىمۇ بىلمەيتتۇق. بىزنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ بىلگىنىمىز ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان، تۈركىي مىللەت ئىكەنلىكى بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بىزگە باشقا يۇرتقا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تۇيغۇ ئاتا قىلدى. مەن «ئۇيغۇر» دېگەن خەتنى تۇنجى كۆرگەندە، ئەرەب ـ ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن تونۇماپتىكەنمەن.

**ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش قارارىغا قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟**

ج: مەن 2005 ـ يىلى شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى قىزىقىپ قالدىم. سىزگىمۇ ئايان، بىزنىڭ ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بىلىدىغىنىمىز يوقنىڭ ئورنىدا. گەرچە بىز «يىپەك يولى» توغرۇلۇق تارىخىي كىتابلاردا ئاز ـ تولا بىر نەرسە ئۆگەنگەن بولساقمۇ، ھازىرقى زامانىۋى مەركىزىي ئاسىيا توغرۇلۇق جىق نەرسە بىلمەيمىز. نۇرغۇن ئامېرىكىلىق قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىگە ئوخشاش شەھەرلەرنى خەرىتىلەردىن تاپالماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا شىنجاڭ مەن ئۈچۈن يېپيېڭى بىر جەريان بولدى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلار يۇرتىغا كېلىپ باققان بولدۇم. سىز بۇ يۇرتتىن ھېيتگاھقا ئوخشاش مەسچىتلەرنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاپاق خوجا مەقبەرىسىدىكىگە ئوخشاش ئىدىئەنىۋى نەققاشلىقىنى تاپالايسىز. بۇلار ئىنتايىن گۈزەل! يەنە بىر مىسال ـــ ئۇيغۇر تائاملىرى. مەن ھاياتىمدا ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك مەززىلىك تائام يەپ باقمىغان. شىنجاڭغا كېلىپ پولۇ، لەغمەن، نان ۋە كاۋاپلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە تۇنجى قېتىم قادىر بولالىدىم. ئۇيغۇر تائاملىرى ھەقىقەتەن بەك مەززىلىك ئىكەن. مەن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مېھماندوست مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. گەرچە مەن باشقا يۇرتتىن كەلگەن ساياھەتچى بولساممۇ، ئۇ ۋاقىتتا تېخى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىيەلمەيتتىم. ئۇيغۇرلار ماڭا ئىنتايىن دىلكەش ۋە سەممىي مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئىككى ھەپتە تۇردۇم. ھېس قىلىشىمچە، ئىككى ھەپتىدە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئاز ـ تولا بىر نەرسە بىلگىلى بولغان بىلەن، بىر مىللەتنى ئوبدانراق چۈشىنىشكە ھەرگىز يېتەرلىك ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى سەن بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا، ئۇ مىللەتنىڭ قانداق مىللەتلىكىنى چۈشىنەلەيسەن.

**ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى قاچان باشلىغانتىڭىز؟ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن قايسى مەكتەپنى تاللىدىڭىز؟ باشتا قايسى كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ ئىشلەتتىڭىز؟ ئۇيغۇر تىلىنى دەسلەپ ئۆگىنىشكە باشلىغاندىكى تەسىراتىڭىز قانداق بولدى؟**

ج: مەن ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپلا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىدىغان جاي ئىزدەشكە باشلىدىم. ئامېرىكىدا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتىدىغان يەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن. مېنىڭ ئوقۇغان ئالىي مەكتەپ ئىچىدە ئاران بەشتەك ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى دەرسى تەسىس قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېخى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەچكە، بىرىپلا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى باشلىيالمىدىم. يازلىق تەتىلدىلا ئۆگىنەلىدىم. ئىزدىنىشقانغا بېرىدۇ دېگەندەك، ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق ئورۇن بولغان ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى يازلىق تەتىلدە ئۇيغۇر تىلىدىن ئۇنىۋېرسال يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئېچىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپلا، 2006 ـ يىلى يازدا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى باشلاش ئۈچۈن مەكتەپكە ئىلتىماس سۇندۇم. «خۇدا بەرسە پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماپتۇ» دېگەندەك، مەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپلا قالماستىن يەنە تېخى پۈتۈن سوممىلىق ئوقۇش پۇلىغا ئېرىشىپتىمەن. شۇنداق قىلىپ 2006 ـ يىلى يازدا سەككىز ھەپتە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندىم. بۇ سىنىپتا دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە كۈنىگە تۆت سائەتتىن مۇنتىزىم تەربىيىلەندۇق. ئائىلە تاپشۇرۇقى بەك جىق بېرىلەتتى. مەن كېچە ـ كېچىلەپ ئۇيغۇر تىلى تاپشۇرۇقى ئىشلەيتتىم. گەرچە ئوقۇغان ۋاقتىمىز ئاران سەككىز ھەپتە بولسىمۇ، بىز بەك جىق نەرسە بىلىۋالدۇق. ئۆگىنىشىمىز شۇنداق قىزىقارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مەن كېلەر

www.uyghurkitap.com

يىلى يەنە ئىلتىماس سۇنۇشنى قارار قىلدىم. ئىلتىماس سۇنۇپ يەنە تەلىيىم كەلدى. بۇ قېتىم ئوتتۇرا سەۋىيىلىك ئۇيغۇر تىلى سىنىپىغا قاتناشتىم. بىزدە مۇنتىزىم دەرسلىك ماتېرىيالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرخىل ماتېرىيالنى دەرسلىك قىلىپ ئىشلەتتۇق. ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچىدىن سېتىۋېلىنىپ ئامېرىكىغا ئاپىرىلغانىدى. بەختىمگە، ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىم ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئىشتىياقلىق مۇئەللىملەر ئىكەن. ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى تۇنجى باشلىغاندا كاللامغا كەلگىنى، ئۇيغۇرچە خەت يېزىش خەنزۇچە خەت يېزىشقا قارىغاندا خېلى بەك ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىدىن نەچچە ھەسسە تەس ئىكەن. قىيىنچىلىقنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ تىلنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيتتى. چۈنكى گىراماتىكىنى ئىگىلىسەملا، مەن شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر بالداقتا تۇرۇپ چۈشىنەلەيتتىم. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلىشالايتتىم.

**سىز شىنجاڭغا كەلگىلى قانچىلىك بولدى؟ بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشىڭىزغا نېمە سەۋەب بولدى؟**

ج: شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقىنىمغا بىر يېرىم يىلدەك بوپتۇ. 2007 ـ يىلى مارتتا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا بۇ يەرگە كېلىشنى قارار قىلدىم. چۈنكى مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇش ئارقىلىقلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەش ئىقتىدارىمنى ئاشۇرالايمەن. ئاۋغۇستتا كورلىغا باردىم ۋە شۇ يەردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ 2008 ـ يىلى مارتقىچە ئىشلىدىم. شۇ مەزگىللەردە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنكى بىكار ۋاقتىمدا قىلىدىغان ئىشىم ئۇيغۇر تىلىنى مەشىق قىلىش بولدى. ئەمەلىيەتتە مەن بىكار ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى كورلىدا ئېچىلغان بىر تەربىيىلەش مەركىزىدىكى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشۇش ۋە شۇلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن مارتتا ئامېرىكىغا بېرىپ، ئاۋغۇستتا يەنە شىنجاڭغا قايتىپ كەلدىم. بۇ قېتىم مەن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىدىم ھەم ھازىرغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن. مېنىڭ بىر يېرىم يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا تۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىم ئۇيغۇر تىلىمنى ياخشىلاش بولدى.

**ئۇيغۇرلارنىڭ سىزگە تەسىر قىلغان ئىشىدىن بىرەرنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟**

ج: ھا، ھا، ھا... مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ ئىشنى ھازىر ئويلىساممۇ كۈلۈپ كېتىمەن. مەن كورلىدىكى ۋاقتىدا بىر ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ناھايىتى ياخشى دوستلاردىن بوپقالدىم. ئۇ ماڭا بەك سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى ھەم يېزىدىكى ئۆيىگە بىللە ئاچىقىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى ئۆز ئاچامدەك كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ماڭا ئۆز بالىسىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر ياشتىن ئاشقان پەرىزە ئىسىملىك جىيەن قىزى بار ئىدى. پەرىزە بەك شوخ، جىم تۇرمايدىغان كەپسىز قىزچاق ئىدى. مەن پەرىزەنى كۆرسەم ئىنتايىن خۇشھال بوپكېتەتتىم. چۈنكى بۇ قىزچاق بىلەن ئوينىشىش بەك قىزىقارلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ ئۇيغۇر تىلىمنى مەشىق قىلدىغانغا ياخشى ياردەمچى ئىدى. ھەممىمىز بىلىمىز، بالىلارنىڭ تىلى ئېنىق، چۈچۈك، ئاستا ۋە ئاددىي بولىدۇ. پەرىزەنىڭ ئىككى ئىشى مېنى بەك ھەيران قالدۇرغانىدى: بىر قېتىم، دوستۇم بىلەن مەن پەرىزەنى ئېلىپ يېزىدا كېتىپ باراتتۇق، پەرىزە يانچۇقىدىن بىر تال كەمپۈتنى چىقاردى. ئۇنىڭ كەمپۈتنى بەكلا يېگۈسى باردەك قىلاتتى. ئۇ، كەمپۈتنى سويالمىدى، يا قانداق ئېچىشنىمۇ بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن يەردىكى ماڭا كەمپۈتنى سۇندى. ئۇ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كەمپۈتنى سويۇپ بەردىم. ئۇ، كەمپۈتنى قولىغا ئالدىيۇ، ئازراق ئۇشتۇپ ماڭا سۇندى. مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. ئېنىقكى، بۇ ئۇنىڭ مېنىڭ ياردىمىمگە بىلدۈرگەن «رەھمەت»ى ئىدى. بىز شۇ كۈنى يەنە بىر كوچا بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتۇق. دوستۇمنىڭ توكلۇق ۋېلىسىپىتىنىڭ يىلى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنى ئىتتىرىپ مېڭىۋاتاتتىم. مەن توكلۇق ۋېلىسىپىتنى ئىتتىرىپ مېڭىۋاتقاندا، پەرىزە ۋېلىسىپىتتە «بىكارغا ئولتۇرۇش»نىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى. يول خېلى ئۇزۇن ئىدى. بىردەمدىن كېيىن پەرىزە تۇيۇقسىز چىرايىمغا تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىن ئىتتىرىشكە باشلىدى. مەن يەنە بىر قېتىم ھەيرانۇ ـ ھەس قالدىم. ئۇ، ۋېلىسىپىتتە بىكارغا ئولتۇرۇشنى بىر خىل ئەدەپسىزلىك، نومۇس دەپ قاراپ ماڭا ياردەم بېرىۋاتسا كېرەك. مۇشۇ ئىككى ئىش مېنى ھەقىقەتەن بەك تەسىرلەندۈردى. گەرچە ئۇنىڭ قىلغانلىرى بەك ئاددىي، ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، بىراق پەرىزەنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئەمدى بىر ياشتىن ئاشقان بالا ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك! ئامېرىكىدا بىر ياشقا كىرگەن بالىلار بەك شەخسىيەتچى، پەقەت «مەن»نىلا ئويلايدۇ. بىراق ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتىدە بالىلار ئىنتايىن كۈچلۈك ئەنئەنىۋىلىك ئىچىگە كۆز ئاچىدىكەن، كىچىكىدىن باشلاپلا ھەرخىل ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىكەن. ماڭا ئۇيغۇر بالىلىرى ھەتتاكى بىر ياشقا كىرسىمۇ ئۆزىدە ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئۇيغۇر قىممەت قارىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مۇشۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىناقلىقتا بىللە تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى.

**ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشتىكى مەقسىدىڭىز نېمە؟**

ج: كىشىلەر مەندىن بۇ سوئالنى بەك جىق سورايدۇ. جاۋاب

ئىنتايىن ئاددىي— مەن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن. ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىللارنىڭ بىرى. مەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى يازالايدىغان بولۇشنى بەك ئارزۇلايمەن. ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنى قاچان تولۇق ئىگىلىسەم، شۇ ۋاقىتتا چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندەك بولىمەن. ئۇيغۇر تىلى بىلىشنىڭ ئادەمنى ئەڭ ھۇزۇرلاندۇرىدىغان يېرى— ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلىشىش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش. ئىنگلىز تىلىدىكى مۇنداق بىر ئىبارە بىلەن مەقسىتىمنى سۆزلەپ بېرەي: مەن ئۈچۈن ئۇيغۇرچە— مەقسىتىمگە بارىدىغان يول ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى مەقسەتتۇر. مەن مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن خەنزۇ تىلى ئۆگەندىم. مېنىڭچە، ئەگەر خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلسەم، خىزمەت تېپىشىم ۋە كەلگۈسىدە جىق پۇل تېپىشىمغا ياردىمى بولىدۇ. بىراق مەن يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندىم. چۈنكى مەن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن.

**ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىرەر تېمىنى تەتقىق قىلامسىز ياكى بىرەر پارچە كىتاب يېزىپ چىققۇڭىز بارمۇ؟**

ج: ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشىم پەقەتلا ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئالاقىلىشىشىم ئۈچۈن. بىراق، ئۆگەنگەن ئۇيغۇر تىلىم بىلەن كەلگۈسىدە بىرە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى بولۇپقالسا، نېمە قىلىش كېرەكلىكى ماڭا ئىنتايىن ئايان. مەن ئالدىنقى سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە ئېيتتىم، ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق جىق نەرسە بىلمەيدۇ. ھەتتاكى مەنمۇ شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن بۇ مىللەت توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيتتىم. تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كەلگىنىمگە ئۈچ يىل بولدى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلىۋالدى. مەن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلدىم. ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن مەن دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ ئاۋارىچىلىك— ئامېرىكىدىكى قەدىناس دوستلىرىمنىڭ مەن دېگەن گەپلەرنى چۈشەنمەسلىكى. ئۇلارغا مەھمۇد كاشغەري، 12 مۇقام توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىنى سۆزلەپ بەرگۈم بار. بىراق بۇلارنى دېمەيلا قوياي، ئۇلار شىنجاڭنىڭ قەيەردىلىكىنى، ئۇيغۇر دېگەننىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن قىلىشنى ئەڭ خالايدىغان ئىشىم — ئامېرىكىلىقلارغا ئۇيغۇرلارنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى شىنجاڭغا كۆپلەپ زىيارەت-ساياھەتكە ئېلىپ كېلىش؛ قەشقەر، تۇرپانغا ئوخشاش ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق يەرلىك مىللەت ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش. مېنىڭچە، بۇ مەقسەتكە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرۇلۇق كىتاب يېزىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى يەتكىلى بولىدۇ. بۇ كىتاب ئامېرىكىلىقلار قىزىقىدىغان «يىپەك يولى» ياكى يىمەكلىكلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلسا بەك مۇۋاپىق بولىدۇ. مېنىڭچە، ئامېرىكىلىقلار «يىپەك يولى» دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوينىغان رولى ۋە ياكى يېمەك-ئىچمەكى توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇر تائاملىرى توغرىسىدا بىرەر نەرسە ئوقۇشتىنمۇ ئەھمىيەتلىك ياخشى ئىش— ئۇيغۇر تائاملىرىنى تېتىپ بېقىش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىي ئارزۇيۇمنىڭ بىرسى— ئۇيغۇر تىلى بىلىدىغان ئامېرىكىلىق بولۇش سالاھىيىتىمدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىدا ئاشخانا ئېچىشىغا ياردەمدە بولۇش. ئامېرىكىدا ئۇيغۇر ئاشخانىسى ئېچىش بىر نەچچە سەۋەبتىن كۆرە ئىنتايىن ياخشى بىر پىلان. بىرىنچى، ئامېرىكىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشخانىلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەن ئافغانلار، تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە پاكىستانلىقلار ئاچقان ئاشخانىلارغا كىرىپ باققانىمۇ، بىرەرمۇ ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا كىرىپ باقمىغان. مېنىڭچە، ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، ھازىرغىچە مۇنداق ئاشخانا تېخى ئېچىلىپ باقمىدى. ئىككىنچى، يېمەكلىك ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى شۇنداق ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز ئامېرىكىدا ئۇيغۇر ئاشخانىسىدىن بىرەرنى ئاچساق، ئۇيغۇرچە بېزەك، ئاشخانا ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇللىرى بىلەن ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرسا، ئاشخانىمىزدا تاماق يېگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ قورسىقى ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن تويسا، قۇلىقىغا مۇڭلۇق ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئۇرۇلۇپ تۇرسا، كۆزلىرى گۈزەل ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بىلەن جەلپ قىلىنىپ تۇرسا، نېمىدېگەن ئېسىل-ھە! شۇنىڭ بىلەن ئاشخانىمىزدا تاماق يېگەن ئامېرىكىلىقلا ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى توغرۇلۇق ئىزدىنىدۇ. ھەتتاكى بەزىلىرى شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر ئاشخاد يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى چۈشىنىش ۋە تىلىمىز—ئىنگلىز تىلىنى بىلىشىگە چوڭ كۆۋرۈك بولىدۇ. دېمىسىمۇ، مۇنداق ئاشخانىلار ھەققىي ئۇيغۇر كۇتكۇچىلەر، ئاشپەزلەر، ئۇسسۇلچىلار ۋە ناخشىچىلارنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ بۇ ئاشخانىدا ئىشلىگەن ئۇيغۇرلار ئىنگلىز تىلىغا ئۇستا بولىدۇ ھەم بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى چۈشىنىدۇ ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار شىنجاڭغا قايتىپ كەلسىمۇ ئىنگلىز تىلىنى بىلگەنلىكى ۋە بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىيالايدۇ. بۇ ئاشخانا ئەلۋەتتە قوش يۆنىلىشلىك مەدەنىيەت ئالاقە بۆشۈكى بولۇپقالىدۇ. بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇملا، خالاس! ئەمەلىيەتتە، مۇنداق ئاشخانا ئېچىشقا ئىقتىساد، ماڭدۇرۇشقا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ. ئەگەر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا پۇلى، ئامېرىكىدا ئاشخانا ئېچىش ئارزۇسى بارلار بولسا، مېنى ئىزدىسە، ھەر زامان قولۇم كۆكسۈمدە!

---

سۆھبەتلەشكۈچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار ماائارىپى خەنزۇ تىلىدىن تېز يېتىشتۈرۈش بويىچە 2008-يىللىق ئىشتىن سىرتقى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، قوشۇمچە «لى ياڭ ئەسەبىي ئىنگلىز تىلى» تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى (M3)، (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ پۈلۈڭ ئاز، ياكى كۆپ بولسۇن، ئادەم بار يەردە سانىما.

▲ بىر خاتالىقنىڭ ھەممە ياخشىلىقىڭنى، بىر ياخشىلىقنىڭ بارچە خاتالىقىڭنى يۇيۇۋېتىشى مۇمكىن.

▲ نادانغا نىسبەتەن قولدىن كەتكەننىڭ پۇشايمىنى، قولغا كەلمىگەننىڭ ئارمىنى بولماس.

▲ ئۆلۈم— ئەڭ ئاخىرقى تارازا.

▲ بېقىندىن تۇتقان يەلدىن، قىياندىن كەلگەن سەلدىن قورق.

▲ ئادەم ئۈچ ۋاقىتتا بەك كۆرەڭلەيدۇ: بىرى، مەنسەپ تۇتقاندا، بىرى، باي بولغاندا، يەنە بىرى، ئىشلىرى ئوڭ كېلىپ ماختالغاندا.

▲ كىشىنى سىناي دېسەڭ، ھاجەتمەن بولۇپ ئالدىغا بار.

▲ باي بولغاندا سېخىيلىقىڭنى، ئاچ قالغاندا نەپسىڭنى، مەنسەپدار بولغاندا خەلقچىللىقىڭنى سىنا.

▲ ئېلىپلا قاچقان كىشىنىڭ ساڭا بېرىدىغىنى پۇشايمان.

▲ مېھمان ئالدىدا، بىرى، يوقسۇزچىلىقتىن زارلىما، يەنە بىرى، بايلىقىڭدىن كۆرەڭلىمە.

▲ ھايا بىلەن ناھەقچىلىكنى بىلمىگەندىن ھەزەر قىل.

▲ مەقسەتلىك ماختاش— تەمەدىن ئىبارەت.

▲ پۇل ئەمەس، پۇل تېپىشنىڭ يولىنى سوراش— ئەقىللىقنىڭ ئىشى.

▲ ۋاپادارنىڭ يامان كۈنگە قېلىشى ئۆزگە كىشى سەۋەبىدىن، ۋاپاسىزنىڭ يامان كۈنگە قېلىشى ئۆزى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

▲ يامانلىقنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان كىشىگە ياخشىلىق توغرۇلۇق گەپ قىلما.

▲ دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە، بىرى، يوقسۇزلۇق بولسا، مېنىڭچە، يەنە بىرى، باغرى قاتتىقلىق.

▲ قۇللۇققا دۇچار قىلىدىغان پەند-نەسىھەت— «دانا»لار سۇنغان زەھەردۇر.

▲ قورقۇنچاق ئەلدە سالاچى كۆپ بولۇر.

▲ سالام بەرگەن— ئادەم، جاۋاب قايتۇرمىغان — ھايۋاندۇر.

▲ ھەرقانداق بىر تەرەققىيات بىر يىمىرىلىشنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

▲ ئۆز قوۋمىڭدىن ئىشتكەن تىل توغرا يولغا، ئۆزگە قوۋمدىن ئىشتكەن تىل قەھر-غەزەپكە باشلار.

▲ ئايالى مودىدەك، ئېرى مۇردىدەك.

▲ نەسىھەت قىل، ئەمما بۇيرۇق قىلما.

▲ مىللەت ئايرىمىغان بايرام ئايرىماس.

▲ نەتىجە ياخشى بولسا مەن تۆھپىكار، يامان بولسا سەن جاۋابكار.

▲ ھىجران مۇھەببەتنى، ۋىجدان ئىنسانىيلىقنى سىنايدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ ھەسەت چەككە يەتسە قەستكە ئايلىنار.

▲ يىلان زەھىرى بىلەن سۆرلۈك، ئەر قەھرى بىلەن.

▲ گۇمانخورغا ياخشىلىق قىلما.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ساڭا كۈلۈمسىرىگەن ۋاقتى، ئەجىلىڭنىڭ يېقىنلاشقان ۋاقتى.

▲ كىشىگە يامانلىق قىلماي دېسەڭ، ئۈچ يەرنى دائىم كۆرۈپ كەل: 1. قەبرىستان، 2. تۈرمە، 3. دوختۇرخانا.

▲ ھاجەتمەنلەردىن ئۈچ خىل كىشى ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ: 1. زابوي، 2. قىمارۋاز، 3. ئىشرەتۋاز.

▲ ئۈچ خىل كىشىنى يوقلاپ تۇرساڭ ياخشىلىق تاپىسەن: 1.ئاتا ـ ئانا، 2. دانىشمەن ئۇستاز، 3. نامرات.

▲ چەكتىن ئاشقان سۈرئەت ئەجەلگە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ ئاتا ـ ئانىدىن، ئەل ـ يۇرتتىن، تەڭرىدىن ھېيىقمىغان بىلگىننى قىلار.

▲ قەستلىگەنلا دۈشمىنىڭ ئەمەس، يامان يولغا باشلىغانمۇ دۈشمىنىڭ.

— ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئۆكتەملىك — زالىملار ئوردىسىنىڭ بايرىقى.

▲ يېزىلاردا لاتاپەتلىك قىزلىرىمىز سۇ توشۇپ ھارمايدۇ، تۇغماس تۇل خوتۇنلار گەپ تېپىپ.

— تۇرغۇنجان ئابلا

---

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ يېزىسىدا دېھقان

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

▲ «ئۇھ»ئۆپكىدىن چىقىدۇ، «ئاھ!»يۈرەكتىن.

▲ بىر قولۇڭنى ئۆز ئىشىڭغا ئىشلەت، يەنە بىرسىنى باشقىلارغا ياردەمگە ئۇزات.

▲ ئەقىل ۋە پىكىر ئادەمنىڭ جۈپ قانىتى.

▲ ئاياللار ئەرلەرگە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ، ئەرلەر ئاياللارغا شەھۋەت بىلەن.

▲ ئادەمنى ئەمگەك چېنىقتۇرىدۇ، راھەت بوشاشتۇرىدۇ.

▲ ئەرلەر كۈچى، ئاياللار ھۆسنى بىلەن جەلپكار.

▲ ۋەدىگە ئىشەنسەڭ ئالدىنىسەن، ئۆزىنى ئوبدان كۆزەتسەڭ چۈشىنىسەن.

▲ بالىنىڭ گۇناھلىرىنى بىر ـ ئىككى كەچۈرگىنى ئاتا ـ ئانىلىق مېھرى، ئىزچىل كەچۈرگىنى شېرىن زەھىرى.

▲ ياخشىلىق سىم ـ سىم يامغۇر،يامانلىق بورانلىق مۆلدۈر.

▲ ئەدەپلىك، ۋاپادار، ئىشچان بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يولغا پايانداز: ئەدەپسىز، ۋاپاسىز، مىشچان بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يولغا چېچىلغان تۆمۈر تىكەن.

▲ ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلغان يېتىم ئەمەس، ئەل ـ جامائەتتىن ئايرىلغان يېتىم.

▲ ئۆيدە تىنچلىق تىلىسەڭ كۆڭۈلچان، ئەپۇچان، ئىشچان بول: يۇرتقا تىنچلىق ئىزدىسەڭ ئېھتىياتچان، ھوشيار، ئىنتىپاق.

▲ پىكرىنى ئەركىگە قوي، ئەقلىنى مەركىزىگە، كۈچۈڭنى ئەمەلىيىتىگە.

▲ كۈننى قەدىرلىمىسەڭ كېلەر ئايغا قالىسەن، ئاينى قەدىرلىمىسەڭ كېلەر يىلغا.

▲ ئاجىزغا زۇلۇم قىلما، يېتىمغا ئەلەم.

▲ ئاتا ـ ئانىدىن سوئال سورىساڭ بولىدۇ، سوراق قىلساڭ بولمايدۇ.

▲ پەزىلەتلىك ئايال ئالساڭ ئۆيۈڭ نۇر بولىدۇ، پەزىلەتسىز خوتۇن ئالساڭ ئۆيۈڭ گۆر.

▲ ئۇستازىڭنىڭ ئاغزىدىن زەھەر تامسا، شاگىرت قولغا خەنجەر ئالىدۇ.

▲ ئاجىزلار يىغلىسا ساخاۋەت قىل، كۈچلۈكلەر يىغلىسا ئىبرەت بىل.

▲ ئانىنىڭ نەسىھىتى يۇمشاق، ئاسان سىڭىدۇ، ئاتىنىڭ تەلىپى قاتتىق، مېغىزى تاتلىق.

▲ ئانا تىلىنى بىلمىگەن ئادەم، ئانىسىنى ئەممىگەن يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىرادىنى قارىغايدىن، تىك تۇرۇشنى چىناردىن، مۇلايىملىقنى قىرچىن تالدىن، چىدامنى توغراقتىن، سىلىقلىقنى قېيىندىن، گۈزەللىكنى سەرۋىدىن ئۆلگە ئال.

▲ ئىت بايىنى يالايدۇ، گادايىنى تالايدۇ.

▲ غاپىل ئويغانغۇچە، ئاقىل بۇدۇنيادا يوق.

▲ تەبىئەتنى قوغدىغان، دېھقاننى قەدىرلىگەن ئاچ قالمايدۇ.

▲ ئانا سۈتى — جىڭ چېكىتى، ئاتا نەسىھىتى — جىڭ تېشى.

▲ پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلەپ، ئەلگە قوشقان، ئاتا ـ ئانىلىرىنى ياخشى بېقىپ، رازى قىلىپ، ئۆز قولىدا ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقان ئەر ـ خوتۇنلار ئارمانسىز ئۆتىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قەدرى، ھۆرمىتىنى تويغا كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ئەمەس، ئۆلۈمگە كەلگەن ئادەمنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىدىن بايقا.

▲ بالىنىڭ قەدرىنى تۇغماس ئاياللىدىن سورا.

▲ ئۆينى تازىلاپ تۇرمىساڭ ئەخلەت باسىدۇ، ئىدىيىنى

تازىلاپ تۇرمساڭ غەيلەت.

▲ بىر چاپاننى تالىشىپ كىيگەن قېرىنداشلار بىر ـ بىرىنى قەدىرلەشەتتى. بىر چاپىنى ئىككى بولغاندا بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتى.

▲ ئاتا ـ ئانىسىنى خورلىغاننى بالىسى خارلايدۇ، ياراتقۇچى جازالايدۇ.

▲ سودىگەر خېرىدارنى، ھىيلىگەر ھاماقەتنى، جۇدىگەر نادانىنى ئاسان ئالدايدۇ.

▲ ياراتقۇچى ئالدىغلا چامدىسۇن، كەينىگە چېكىنمىسۇن دەپ پۇتىمىزنىڭ ئون بارمىقىنى ئالدىغا قاراتقان.

▲ كۆچكە تايانغان ماڭىدۇ، ئەقىل ئىشلەتكەن ئۇچىدۇ.

▲ ئۆيۈڭدە ئەسكى ـ تۇسكىنىڭ كۆپلىكىنى ئۆي كۆچكەندە، جابدۇقلىرىڭنىڭ كەملىكىنى يېڭى ئۆيگە كىرگەندە بىلىسەن.

▲ گادايلار كۆپ جايدا جىنايەت، بايلار كۆپ جايدا خىيانەت، نادانلار كۆپ جايدا ئاداۋەت تولا بولىدۇ.

▲ قويسا قىزلار ئوسما ـ خېنە، كۆرۈنىدۇ ساھىبجامال؛ ئەرلىرىمىز كۆرۈنىدۇ سالاپەتلىك، قويسا ئەگەر بۇرۇت ـ ساقال.

▲ يول — سىجىل ئىلگىرىلىگۈچىلەرگە، پۇل — دادىل تىجارەت، جانلىق پىكىر قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ.

▲ ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت — يىلتىز، نام ـ شۆھرەت — چېچەك.

▲ ياخشىلىق — ئېپار، يوشۇرساڭمۇ پۇرىقى ھەممىگە ھۇزۇر بېرىدۇ؛ يامانلىق — سېسىغان گۆش، يوشۇرغانچە سېسىق پۇرىقى ھەممىنى بىزار قىلىدۇ.

▲ ئاچچىقتا ئېيتقان سۆز — قارىغۇ ئوق، غەزەپتىن ئېتىلغان مۇشت — قانلىق داغ.

▲ پاراسەت، پەزىلەت، قابىلىيەت، دىيانەت — بەخت يولىدىكى تۆت كوچا.

▲ غەزەپ — ئوت، سەۋر — سۇ.

▲ ئەمگەك — ئەڭ قابىل تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى.

▲ ھۈنەر ئۆگەنسەڭ بەرىكەت تاپىسەن، ئەدەپ ئۆگەنسەڭ ھۆرمەت.

▲ باغۋەن ھۇرۇن بولسا باراڭ كۆپ، ھوسۇل ئاز؛ خوتۇن ھۇرۇن بولسا پاراڭ كۆپ، بەرىكەت ئاز.

▲ ئادەم ياشانغاندا كۆزلىرى غۇۋالاشسىمۇ، سۆزلىرى ئۆتكۈرلىشىدۇ.

▲ ئاشىقلار جۇدالىقتا كېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قارغايدۇ، ۋىسال تاپقاندا بولسا ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەيدۇ.

▲ كېچىسى ئۆيگە قايتماي كوچا دەسسىگەن قىز، كوچا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ يۈزىگە دەسسەۋاتىسىز.

▲ ئېچىلمىقى تەس ئىككى سىر بار: بىرى، ئالەمنىڭ سىرى، يەنە بىرى ئادەمنىڭ.

▲ كۆل سۈيىدە پاقا تېز كۆپىيىدۇ، ئۇلۇغ دەريا سۈيىدە بولسا بېلىق.

▲ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كېسىلىدىن غېمى كۆپ، بوۋا ـ مومىلارنىڭ غېمىدىن كېسىلى.

▲ ئادەمنىڭ بىلىمى — سۆڭەك، ھۈنىرى — مۇسكۇل، روھى — قان، پەزىلىتى — لىباس.

▲ ئوغۇل بۇزۇلسا ئۆيىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ، قىز بۇزۇلسا يۇرتنىڭ.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە پېنسىيىدىكى مۇئەللىم

* * *

▲ يىگىتتە يىگىتكە خاس سۈر ـ جاسارەت، قىزلاردا قىزلارغا خاس جىلۋە ـ نازاكەت بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ يىگىت تەلۋە، نادان، قىز شىتىلە ـ شاللاق بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس.

— شاھمەردان

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىسىگە ئىسىم ـ فامىلىسى، تەپسىلىي ئادرېسى، كەسپىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

## دۇنيانىڭ ئوتىدا كۆيگۈچىلەرگە

▲ بىز ئۆزىمىز چۈشەنمەيدىغان نەرسىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن چۈشەنمەيلا ئېزىپ قالىمىز.

▲ ئەڭ گۈزەل ئەسلىمە — باللىقتىكى تاتلىق پىچىرلاش.

▲ ئىنسان ئۈچۈن ئىنسان بىر سىر.

▲ ھەققەتچى كىشىلەر ھەيۋىسى بىلەن ئەمەس، ھەرىكىتى بىلەن قايىل قىلىدۇ.

## ھاياتنىڭ ھەربىر بېكىتىدە سەۋەنلىكىڭىز بار

▲ تەقدىرنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق قىلىش نادانىنىڭ ئىشى؛ دۇنيانىڭ چاقچىقىغا سۈكۈت قىلىش ئاقىلنىڭ ئىشى.

▲ ئىنساننىڭ سىرى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئېچىلىدۇ ياكى بىراقلا يېپىلىدۇ.

▲ ھاياتتىن كۆپ ئاغرىنىدىغانلار — ھاياتتا كۆپ ئازىدۇ.

▲ دۇنيادىن تويغانلار ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ھەممىگە ئېرىشىپ، ئۇ نەرسىلەر مەنىسىنى يوقاتقان، يەنە بىرسى، دۇنيادا شۇنچە قىلىپمۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە، شەھەر پۇقراسى

* * *

▲ ئادەم جەمئىيەتكە قانچە بالدۇر چىقسا، جان باقماقنىڭ تەسلىكىنى شۇنچە بۇرۇن تېتىيدۇ.

— چىمەنگۈل ئابلىز(كۆكتۇلچەك)

---

ئاپتور: قومۇل شەھىرى ئاستانە بازىرىدا دۇكانچى

▲ پۇرسەت ئىككى نەرسىدىن قاچىدۇ: بىرى، چەكتىن ئاشقان ئېھتىياتچانلىق، يەنە بىرى، ئاچ كۆزلۈك ۋە ھەسەتخورلۇق.

— ئابلىمىت ئىمىن

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە لوسكۇڭ بازار 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ كىشىلىك ھاياتنىڭ خۇشاللىقى، كىشىلەر سېنى قىلالمايدۇ دېگەن ئىشنى قىلالىغانلىقىڭ.

▲ بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەم بولماق ھەقىقەتەن تەس، لېكىن يامان ئادەم بولۇپ ئاتالماق مىنۇت، سېكۇنتلۇقلا ئىش.

— ئىسھاق ئىسمائىل

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتى زەھەر چەكلەش 2008-يىللىق ئەترىتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلارنىڭ سورۇنى ئەمەس.

▲ جاللات ئۆز بويىنغا قىلىچ تەگلەنگەندىلا ئاندىن قىلغان-ئەتكەنلىرىنى چۈشىنىدۇ.

▲ غەلبە تىرىششتا ئەمەس، تەدبىردە.

— ئامانگۈل ھېمىت

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەسىرىڭ زورايسا دوستۇڭ كۆپىيىدۇ، ئەمما چىن دوستۇڭ ئازلايدۇ.

▲ چىراغ نۇرىدا ئۆگىنىش قىل، قۇياش نۇرىدا سۆز.

— ئابدۇقاھار قادىر

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەختكە تەبىر بېرىشكە توغرا كەلسە، مەن دەيمەن: بىر كۈننىڭ خۇشھال، خاتىرجەم، مەنىلىك ئۆتكىنىنىڭ ئۆزى بىر بەخت.

— چاقماق

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 2-ئوتتۇرا مەكتەپ2-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆز ئىزباسارىنى تەربىيىلەشكە ۋاقىت چىقارمىغان ئالىم، سىياسىيون ئۆز ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ.

— ئەرشىددىن ئابلىز

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇرغانلارغا قارىماي، مېڭىۋاتقانلارغا قارا.

▲ دانادىن سىرىڭنى يوشۇرما، دوختۇردىن كېسىلىڭنى.

— ئابدۇنەزەر ھوشۇر

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە قاراكېچىك يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ بۇ دۇنيادا سېنى تاۋلايدىغىنى — جاپا-مۇشەققەت، ئويغىتىدىغىنى — زۇلۇم-سىتەم، بويسۇندۇرىدىغىنى — ھەقىقەتتۇر.

— مەھمۇتجان يانتاق

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ ئىشىنىش — ئۆزىنى تاشلاپ بېرىش.

▲ سىر ساقلاش — ئۆزىنى ساقلاش.

▲ باشقىلار ساڭا ئىچ ئاغرىتقان ۋاقىتتا، ئۆزۈڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىڭنى بىلىۋال.

▲ ئاقىل — بىرگە كۆزىدىن، بىرگە سۆزىدىن، يەنە بىرگە ئۆزىدىن بىلىنىدۇ.

▲ سېنى مازاق قىلغانلار — بىر بولسا، كورەلمەسلەر، يەنە بىر بولسا، بىلەلمىگەنلەر بولۇشى مۇمكىن.

▲ نېمىگە ئىشەنسەڭ — شۇ نەرسەڭ ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ.

▲ كۆزىگە قارىغان نەرسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

▲ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياخشى-يامان، دوست-دۈشمەننى ئايرىيالمىغان ئادەم — بىر ئۆمۈر باشقىلارغا قول بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئادەمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قىلغان ھەرقانچە چوڭ ياخشىلىقىغا ئىشەنمە.

▲ بىر يېرىڭ ئېچىلىپ قالسا كورگۈچى، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سالاچى كۆپ.

▲ دۈشمەننىڭ ھىيلىسى— ئاۋات شەھەر كوچىلىرىدا ئېزىققانچىلىكلا بىر ئىش. ئەمما ئەقلىڭنى تاپقاندا ئاللىقاچان كېچىككەنسەن.

▲ بېشىڭغا كەلگەن قارا كۈن (بالا-قازا)— پۇت-قولۇڭغا كىرىپ كەتكەن تىكەنگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى

تېتىماي ئامالىڭ يوق.

▲ نامراتلىق ــ سايدىكى يالغۇز دەرەخكە ئوخشايدۇكى، ئۇ، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل بالا ـ قازاسىغا ئۇچراپ ئۆسىدۇ.

▲ نامكىنىڭ يامانلار قاتارىدىن چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمە. ئەمما ئۆزۈڭنىڭ يامانلار قاتارىدىن چىقىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرە.

▲ كامالەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنما. دۈشمەن پۈتلىسا قوپالمايسەن.

▲ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ساڭا تەسەللى بېرىشنى بىلمىگەن ئادەم ــ يېنىڭدا توختىتىپ قويۇلغان ھەيكەلگە ئوخشايدۇ.

▲ جان ھەلەكچىلىكىدە ئادەم ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ.

▲ كۆزدىن قاچساڭ يىراق تۇرىسەن؛ سۆزدىن قاچساڭ قۇتۇلىسەن.

▲ سوئالىڭغا تېرىكمەي جاۋاب بەرگەن ئۇستازنى تاپقاندا ئۇنىڭ پېشىغا مەھكەم ئېسىل. مانا بۇ ھەقىقىي ئۇستاز.

▲ ئادەم، بىرگە، باي بولغاندا، يەنە بىرگە، نامراتلىقتا قورقۇنچاق بوپقالىدۇ. بىرى، بارنىڭ دەردىدە، يەنە بىرى، يوقنىڭ دەردىدە.

▲ ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى پېشانىسىگە يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا بىر ـ بىرىمىزگە ئىشەنمەي يۈرۈيمىز.

▲ ئۆزۈڭنى باشقىلارغا بەك چۈشەندۈرسەڭ، بىرگە، ئۆزۈڭنى ئۇچۇرغان بولىسەن، يەنە بىرگە، ئۆزۈڭنى چۈشۈرگەن بولىسەن.

▲ ئاياللارنى كۆرگەندە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كىشىدىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى ئۇلار ئاياللار ئالدىدا سېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى چۈشۈرۈشكە ئامراق كېلىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئەڭ قاتتىق يېرىمۇ، ئەڭ يۇمشاق يېرىمۇ يۈرەك.

▲ ئادەمنى بىرگە نان، بىرگە مال ـ دۇنيا، يەنە بىرگە مېھىر ـ مۇھەببەت تىك تۇرغۇزالايدۇ.

▲ ئەقىدە ــ بىر نىشان ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش.

▲ ئالدىراپلا «دوستۇم» دېگەنگە ئىشەنمە، «كۆيدۈم» دېگەنگە سۆيۈلمە. بولمىسا، بىرسىگە ئالدىنىسەن، بىرسىگە خارلىنىسەن.

▲ ئايرىلمىغۇچىلىك سۆيگۈنىڭ قانچىلىك يىلتىز تارتقانلىقىنى بىلەلمەيسەن.

▲ يارغا بولغان ۋاپادارلىقىڭنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنما. ئەمما ھەربىر قەدىمىڭنى ئەقىدە ۋە ئىخلاس بىلەن باس. مانا بۇ چىنلىق.

▲ مۇھەببەت ــ ھەقىقەتكە ئوخشايدۇ. ئېگىلىسىمۇ سۇنمايدىغان، ئايرىلسىمۇ سىغىنىدىغان.

ــ م.ئا.ئۇيغۇرزادە

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە دېھقان

## ئەقىل تەرمىچىلىرى

▲ باشقىلارنىڭ چىشىغا تەگمىسەڭ، ئىشىڭغا تېگەلەيسەن.

▲ ئاتا ـ ئاناڭ سېنى يارامىلىق بولسىكەن، دوستۇڭ سېنى ئامان بولسىكەن، دۈشمىنىڭ سېنى نادان بولسىكەن، شەيتىنىڭ سېنى قارام بولسىكەن، ئەقىل سېنى ئۆزىنى بىلسىكەن دەيدۇ.

▲ «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا»، چۈشەنمەستىن ئىش قىلغان ئۆز ئىزىدا يورغىلار.

▲ سوۋغا ـ سالام ــ ئىدىيە قورغىنىنى تېشىدىغان ئۇشكە.

▲ ساخاۋەت ـ ياردىمىڭنى يېتىۋالغانلار قوپسا، ئاندىن يېيەلەيدىغان قىلىپ بەر.

▲ يەيدىغانلار كۆپ، ئىشلەيدىغانلار ئاز يەردە نامراتلىق، ئىبادەت قىلىدىغانلار كۆپ، ئەمەل قىلىدىغانلار ئاز يەردە نادانلىق(قالاقلىق)كۆپ بولىدۇ.

▲ قىلغان، قىلىۋاتقان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەملەردۇر.

▲ ئويلىنىش ــ ئەقىلنى ئىشقا سېلىش دېمەكتۇر.

▲ پۇل تاپقانىنىڭ تاپقۇسى، نامراتنىڭ ياتقۇسى، كۆرگەننىڭ كۆرگىسى، بىلگەننىڭ بىلگىسى، بىلمىگەننىڭ كۈلگۈسى كېلىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى تاپالمىغان ئادەم، دائىم باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدۇ.

▲ ئاڭلىقلىق ــ ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىش، ئاڭسىزلىق ــ باشقىلار بۇيرىمىغۇچە بىكار يۈرۈش دېمەكتۇر.

ــ مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قورالىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

* * *

▲ سۇنغان كۆڭۈل ــ چېقىلغان ئەينەك.

ــ سائادەتگۈل تۇرغۇن

---

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ پۇل ــ نىقابسىز قاتىل، پەردازسىز ساھىبجامالدۇر.

ــ ئابلەت ھامىد

---

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە سايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ بىلىمنىڭ باشلىنىشى تېپىشماق كېلۇر،
ئادەمنىڭ چېچەنلىرى چىقىشقاق كېلۇر.

ــ ئىمەر مولتوختى

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانى سۆگەتئېرىق كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ ئادەم ئۆزىگە سىغمىغاچ، ئالەمگىمۇ سىغمايدۇ.

▲ توي قىلغان ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئائىلە تىلى شەكىللىنىدۇ.

▲ سىياسىي سەزگۈرلۈكنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئورۇنسىز جان چىقىمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ بۈگۈنكى بىلمەسلىك — ئەتىدىكى پاجىئەنىڭ باشلىنىشى.

▲ نادان ئىسنى تاپقۇچە ئەسىر كېتىدۇ.

▲ ھەقىقىي سەنئەت يىغلىتىپ، كۈلدۈرۈپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ئادەمنى ئويغا سالالايدۇ.

▲ ئىبرەت ئالمايدىغانلار ئازلىمىغۇچە، خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلار ئازلىمايدۇ.

▲ ئەخلاقنىڭ روھى يىگىلىسە ، قانۇننىڭ ئۇمۇرتقىسى سۇنىدۇ.

▲ ئېتىقادسىز ياشاش، پەقەت بىئولوگىيىلىك تىرىكلىكتىنلا ئىبارەت.

▲ بەخت بىز چۈشەنگەن، بەزىدە ئىلكىمىزدىكى بىز بايقىيالمىغان نەرسە.

▲ روھ پۇكۇلسە تىزدىن ئۈمىد يوق.

▲ قەھرىمانىنىڭ ئىزى، پەيلاسوپنىڭ سۆزى قالىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتسىز قوۋمنىڭ تىلى شالغۇتلىشىدۇ.

▲ چارىسىز — بارى سىز.

▲ ئاقىللار تەجرىبىدىن ئۆتكەنگە، غاپىللار ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ.

▲ ئەقلى كەم — بەختى كەم.

▲ ئويلىيالىغان — ئورۇندىيالايدۇ.

▲ تەلىيىنى سىناپ باقىدىغانلارغا قارىغاندا ئۆزىنى سىناپ باقىدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدۇ.

▲ غاپىللىق — قاتىللىققا يېقىن.

▲ ناھەقچىلىككە قاراپ تۇرۇش ۋىجدانغا ئاسىيلىق.

▲ ئاۋۋال روھىڭنى تاپ، ئاندىن جىسمىڭنى.

▲ تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەم ئىنسانلىق ئىبادىتىدە ئولتۇرغان ئادەمدۇر.

▲ مەنىۋىيىتى پۇچەك ئادەملەر ئەيش-ئىشرەتتىن مەنە ئىزدەشكە تىرىشىدۇ.

▲ دىلى كور ئادەم نەقنى كۆرسىمۇ، ھەقنى كۆرەلمەيدۇ.

▲ ئەركەك دېگەن ئەل يىغلىسا يىغلاپلا قالماي، يەنە ئامال تېپىشقا تىرىشىدۇ.

▲ غاپىللىق — ئىمان-ئېتىقادنىڭ ئويقۇ دورىسى.

▲ ئىدىيە نامراتلاشقاندا ئادەم قارىغۇلارچە چولپانلارغا چوقۇنىدۇ.

▲ ئەرنىڭ پېشنى تۇتقان ئايال بىلەن ئائىلە گۈللىنىدۇ، ئەرنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتقان ئايال بىلەن ئائىلە گۇمران بولىدۇ.

▲ ئەجداد گېپىنى دە، بۈگۈننىڭ ئىپىنى تۇت، ئەتىنىڭ غېمىنى قىل.

▲ كۆزنىتىشنى بىلگەن تۈزىتىشنى بىلىدۇ، تۈزىتىشنى بىلگەن ئۆزىنى قايتىدىن يارىتالايدۇ.

▲ قۇرۇق پاراڭ — مېۋىسىز باراڭ.

▲ ئىدىيىسى نامرات ئادەملەر يات ئىدىيە ئۇرۇقلىرىنىڭ تەجرىبە ئېتىزى بولىدۇ.

▲ ئاقىل ئىشرەتسىز، غاپىل ئىبرەتسىز.

▲ تىل دىلنىڭ سۆزى، دىل تىلنىڭ ئۆزى.

▲ ساغلام قەلبى بىلەن يۈزلەنمىگەن دوست ئەيىبى بىلەن يۈزلىنىدۇ.

▲ پەزىلەت — بىر ئادەمنىڭ ماركىسى.

▲ ئىقتىدار بىلەن ئىرادە ئۆزئارا ماسلاشسا، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» بولىدۇ.

▲ جىددىي ئىشلاردا ئويلىنىش ئەمەس، چەبدەسلىك كېرەك.

▲ مەۋقەسىز ئادەم باشقىلارنىڭ سايىسىغا ئوخشايدۇ.

▲ خەيرلىك باشلانغان ئىش نەتىجىلىك ئاياغلىشىدۇ.

▲ كۆزىنى، سۆزىنى باشقۇرالىغان ئادەم ئۆزىنى باشقۇرالايدۇ.

▲ ئاجىزلار رىزقىنى تىلەپ يەيدۇ، كۈچلۈكلەر ئىشلەپ.

▲ دانىشمەن ھەق سۆزنى، دېھقان نەق سۆزنى دەيدۇ.

▲ ئەخمەق كۆرسىتىشكە ئامراق، ئاقىل كۆزىتىشكە.

▲ دانىشمەن بولىدىغان ئىشلارنى، يازغۇچى بولغان ئىشلارنى يازىدۇ.

▲ بىر مىللەتنىڭ تىلى تەرەققىي قىلسا ئۆزىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ.

▲ تىلنىڭ ئورنى — مىللەتنىڭ ئورنى.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر»كومپيۇتېرخانىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ كەلگۈسى — ئۆتمۈشنىڭ سورىقىدۇر.

▲ سۈكۈت — كۆزى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بوۋاق.

▲ ياشلىق دوقمۇشلىرىدا يولۇققان مۇھەببەتلىك تاللاشلارغا ئوڭ كۆزۈڭدە ئەقىل بىلەن، سول كۆزۈڭدە ھېسسىيات بىلەن قارا.

▲ ئېغىز بالدۇر ئىشقا چۈشكەن ئىشلار مۇرەككەپلىشىدۇ، قول بالدۇر ئىشقا چۈشكەن ئىشلار ئاددىيلىشىدۇ.

▲ قارىدىن قورقۇپ قازاندىن نېرى تۇرساڭ ئاچ قالىسەن.

▲ مەنپەئەت يولىدىكى دوستلىرىڭدىن يانچۇقۇڭنى چىڭ تۇت، ھېسسىيات يولىدىكى دوستلىرىڭدىن سىرىڭنىڭ ئىشكىنى چىڭ ساقلا.

▲ ئەدەپ - ئەخلاق قارىشى ئاجىز ئەل قانۇنىنىڭ يۈكى ئېغىر بولىدۇ.

▲ دىلى كور كىشىلەرلا باشقىلارنى كۆرەلمەيدۇ.

▲ ئاچچىقلىنىش ئەقلنى بوغىدۇ، پۇشايماننى تۇغىدۇ.

▲ قانۇننىڭ جازاسى تۈرمىدە ئىجرا بولىدۇ، ئەخلاقنىڭ جازاسى ۋىجداندا.

▲ ئادەمگە ئەنئەنە - ئېتىقاد ئائىلىدىن، بىلىم مەكتەپتىن، تەجرىبە - ساۋاق جەمئىيەتتىن كېلىدۇ.

▲ ئائىلىنىڭ گۈزەللىكى ھاراقكەشنىڭ، ئىللىقلىقى قىمارۋازنىڭ، يىلتىزى بولغان نىكاھ پاھىشىۋازنىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ.

▲ تېزلىك ۋاقىت بىلەن ئەمەس، ئۇنۇم بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

▲ ئالىم مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۆلچەنگەندە، ئالىمدەكلا كېلىدۇ.

▲ ئىپپەت — ئائىلىقنىڭ چىچەك پەسلى.

— مەمتىمىن يۈسۈپ

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت نۇرى رايونى «قوش تىل» 2008 - يىل كۈز پەسىللىك خەنزۇ تىلى 1 - سىنىپىدا ئوقۇغۇچى

* * *

▲ ھۇرۇننىڭ بېلى بوش، ئاياللارنىڭ ئاغزى.

▲ دوستۇڭدىن ئارىلىق ساقلا ، دۈشمىنىڭدىن سىر.

— ئابدۇللا ياقۇپ

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

▲ ئەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى — خوتۇنىنى باشقۇرالمىغانلىقىدا؛

ئاياللارنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى — پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەنلىكىدە.

▲ خوتۇنى قورقمىغان ئەردىن پەرزەنتلىرى تەپ تارتمايدۇ؛ ئېرىدىن تەپ تارتمىغان ئايال بالادىن قورقمايدۇ.

— بۇۋنەخلىچەم ئوبۇل

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمە

## تەپەككۇردىن تەرەمچىلەر

▲ ھەققەت ياۋاشلارنىڭ قولىدا ئېگىلىپ، ئۆكتەملەرنىڭ قولىدا سۇنىدۇ.

▲ دەرەخنىڭ چوڭ غولىدىن ساڭا زىيان يەتمەيدۇ، يۇمران شاخلىرىدىن ئېھتىيات قىل.

▲ بۇ دۇنيا ئۆلۈكلەرنى قوينىغا ئالغان بىلەن، ئاجىزلارنىڭ يىشىنى سۈرتۈپ قويمايدۇ.

▲ ئەي ئوقۇتقۇچى، ئاگاھ! ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن سىنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭ بىرىنچى دەرسخانا، يۈرۈش - تۇرۇشۇڭ، تەققى - تۇرقۇڭ، قىلغان پائالىيىتىڭ ئىككىنچى دەرسخانا. دېمەنكى، ھەردەم ئاگاھ ۋە دانا بول.

— ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقسارايى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

* * *

▲ ئادەم — تەنىنىڭ روھقا تاپشۇرۇلغان ئامانىتى.

▲ ئاتا سېنىڭ ماڭىدىغان يولۇڭنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئەمما سېنى ئاخىرقى نىشانغا يەتكۈزۈپ قويالمايدۇ.

— ئابدۇغەنى ئابدۇۋاھىد

ئاپتور: قەشقەر شەھەر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەزىدە باشقىلارنىڭ ساڭا تەقدىم قىلغان نەرسىلىرىگە قاراپمۇ ئۆز خاراكتېرىڭگە باھا بېرەلەيسەن.

— بەھرىنىسا قىز ئادىل(دىلەفكار)

ئاپتور: يەكەن ناھىيە «باشلار»ماي زاۋۇتى يېنىدىكى كادىرلار مەھەللىسى 3 - كوچىدا

▲ دەيۈز دادىسىغا مۇشت ئاتار، خائىن مىللىتىگە.

— ئېلى توختى(ئەينەك)

ئاپتور: باي ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ئۆزىگە تەمەننا قويغان كىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشىدىن ھەزەر ئەيلە. ئۇ سېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رىقابەتچىڭدۇر.

— ھاجىقارىي ئەركىن

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا ئۆلچەشكە قۇربىمىز يەتمەيدىغىنى — مۇھەببەت.

▲ كۆپنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچى بىلىملىك، كۆپ ئۆگەتكەن ئوقۇتقۇچى ئىقتىدارلىق، كۆپ يول كۆرسەتكەن ئوقۇتقۇچى تەجرىبىلىك.

— قەلبىنۇر سېيتنىياز(چاقماق)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 - يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دوستى ئۇقسانىنى كۆرسىتكەندە ئالايغان كىشى، دوستىنىڭ ئىمىلىكى، قەدرىنى بىلمەي دوستلىشىپ قالغانلاردۇر.

▲ كۆزۈڭ كۆرمىسە — كور، كۆڭلۈڭ تونۇمىسا — دۆت، ئەقلىڭ تونۇمىسا — نادان ئاتىلىسەن.

— نۇرئەھمەتجان سايىت

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى «ئاتلان» تىل تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ كورسانتى

▲ ياشلىق — ئۈچۈرما بولۇشنى ئۆگىنىۋاتقان قۇش چۈجىسى.

— ئايگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسانلار تەپەككۇردىن ئايرىلىپ قالسا، چاقى تېشىلىپ كەتكەن ماشىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

— ئەنۋەر ئەھمەت

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى قەشقەر شەرقىي يولى 566-قورۇدا

▲ دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن ئىلھام — ئاچ قورساققا بېرىلگەن بىرۋاق ئەڭ ئېسىل تاماقتۇر.

— ئابدۇمۇتەللىپ ئاۋۇت(كۇنتېكىن)

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتى 2009-يىللىق 14-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل تامچىسى

▲ ۋاقىت، ئەسلى مەن ۋاقىت ئىزدەپ يۈرگەن چېغىمدىلا غايىب بولغانىكەن.

▲ تاشلاش — يېڭىنى باشلاش.

▲ ئۆزى قىزىقمىغان كەسىپتە ئوقۇش، ئازازۇل خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقاندەكلا خەتەرلىك ئىش. ھامان بىر كۈنى ياسەن ئۇنى تاشلايسەن، يا ئۇ سېنى تاشلايدۇ.

▲ بۇرۇن كىشىلەر: «پالغا ئىشەنمەڭ، پالسىزمۇ يۈرمەڭ» دەيدىكەندۇق، ھازىر بۇ: «دوستقا ئىشەنمەڭ، دوستسىزمۇ يۈرمەڭ» دېگەن شوئارغا ئايلىنىپ كەتتى.

▲ قاتناش-ترانسپورت تەرەققىي قىلغانسېرى رېماتىزم ئەدەپ كەتمەكتە.

— ئابدۇلئەزىز ئىسكەندەر

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق 2007-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ كەل دوستۇم، ئاقىللار سورۇنىدا سىردىشايلى: ئەيىبىڭدە ئەكسىڭنى كۆرگەن بىلەن ئەسلىڭنى كۆرەلمەيسەن.

▲ كىچىك بالىنىڭ كۈلكىسى سەبىيلىك، بىلىمسىزلىك.
چوڭ ئادەمنىڭ كۈلكىسى مەسخىرىلىك.

▲ دانالارغا ئەدەپسىزلىك قىلما. سەن قىلىچ ئويناتسىپ يېڭىشكە تەمشىلسەڭ، سېنى قەلەم ئويناتسىپ ئارماندا قويىدۇ.

▲ بەزىدە دەققە كېچىككىنىڭ ھەقىقىي كېچىككىنىڭ. ھەقىقىي كېچىككىنىڭ بىر ئۆمۈر پۇشايماندا ئۆتكۈنۈڭ بىلەن باراۋەر.

▲ ئىككى ئىشقا چاقچاق نەزىرىدە قارىما: بىرى، دانالارغا، يەنە بىرى، مۇھەببەتكە. ئالدىنقىسىغا چاقچاق قىلساڭ بۇرنۇڭغا يەيسەن، كېيىنكىسىگە چاقچاق قىلساڭ، بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالىسەن.

— تۇرسۇن ھەسەن

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇرما يېزا تېرىممەھەللە كەنتىدە دېھقان

▲ كۇتۇۋېرىش — ۋاز كېچىشكە قىستايدۇ.

▲ تۇرمۇش رىتىمى قانچە تېز بولسا، ئادەم شۇنچە تېز ھېسسىياتسىزلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

— تۇرپانگۈل مۇھەممەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل. ئەدەبىيات 2006-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆتكەن كۈنلىرىڭىز ئىشلىنىپ بولغان، بىراق سۈرەتكە ئېلىنمىغان كىنو.

▲ خاتالىقنى تۈزىتىپ تۇرۇش كېرەك. لېكىن يۇيىۋەرگەن كىيىممۇ ئۆڭۈپ كېتىدۇ.

— ئۆمەرجان

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسىپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى سودا-سانائەت باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى كارخانا باشقۇرۇش 2007-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۈشمەنلىرىنىڭ غەيۋىتىنى كۆپ قىلىدىغان ئادەملەر، بىر بولسا، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر بولسا، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

▲ ئەتىگەندىن كەچكىچە قورساقنىڭ غېمىدە يۈرىدىغانلار، بىر بولسا ئاچ كۆز، يەنە بىر بولسا كېيىنلىكىنى ئويلايدىغانلار.

▲ ئەل-جامائەت سورۇنىدا ئوسال بولۇشۇڭغا مۇنداق ئۈچ نەرسە سەۋەب بولىدۇ: 1. ئاغزىڭنىڭ ئىتتىكلىكى، 2. نەپسىڭنىڭ يامانلىقى، 3. ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلمىگەنلىكىڭ.

— ئانگۈل مەمتابلا

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 7-سىنىپ

ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تىزمىلىرى

▲ يېتىملىك، بىرى، تەقدىردىن، يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاجرىششىدىن.

▲ تىلەمچى ــ باشقىلارغا بەخت، ئۆزىگە پۇل تىلەيدۇ.

▲ نوپۇس سانىغىچە، نوپۇز سانا.

ــ مۇھەممەتئىمىن ياسىن

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە لاگرۇ يېزا ئەگرىساي كەنتىدە

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ كومپيۇتېر ۋىرۇسىنىڭ يىل ئالمىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى نېمىنىڭ بەلگىسى؟ ئادەملەر ئېھتىيات قىلىڭلار، بىلىم ئوْسكەنسېرى ھىيلە ـ مىكىرلەرمۇ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ دېگەندىن بېشارەت.

▲ ھەقىقەت تاپان ئاستىدا قالغاندا، ناھەقچىلىك تۆردە مېھمان بولىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىنى ئالداپ كۈن ئۆتكۈزگەن ئوقۇتقۇچى ــ مىللەتنىڭ بىرىنچى خائىنى.

ــ بايىنەزەر ياسىن (تەڭگە تار ئوغلى)

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاتۇش شەھەر تۇگۇرمىتى يېزا مەركىزىي مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ سەن ئۆزۈڭدىن ھالقىپ باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقىنىڭدا، بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، سەن ئۈچۈنمۇ باشقىلار خىزمەت قىلىۋاتقان بولىدۇ.

▲ دانالار ئادەم ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن يىغلايدۇ، نادانلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن.

▲ چاقىرماسلىقتا تېگىشلىك مېھماننى چاقىرىپ كۆلكىگە قالما، چاقىرىشقا تېگىشلىك مېھماننى چاقىرماي خىجىلچىلىققا.

ــ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گوما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە دېھقان

## قەلب سادالىرى

▲ قەدىرسىزلىكىڭنى ئۆزۈڭ ئەڭ قەدىرلەيدىغان كىشى تەرىپىدىن خارلانغاندا، تولىمۇ ئەخمەقلىقىڭنى ئەڭ يېقىن دوستۇڭ تەرىپىدىن تاشلانغاندا بىلىسەن.

▲ يامانلىساڭمۇ كۆزۈمدە تۇر! ئۆزۈڭنى ھەرگىز پىنھانغا ئالما. رەنجىپ قالغان چېغىڭدا تىللىساڭ تىللا! لېكىن زىنھار سۈكۈت قىلما.

▲ ماڭا رەقىب بولماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا قابىلىيەت ماغدۇرۇڭنى دەڭسەپ كۆر.

ــ ئايتولدى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى شەرقىي مەكتەپ رايونى خەنزۇ تىلى 2008 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھازىرقى ھەربىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىقلىق ــ ئۆلگىرىكى خاتالىقىڭ...

ــ گۈلبانۇم ئابابەكرى

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ لابورانتى

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ تەپەككۇرسىز باش تېشى زىنىنەتلەنگەن قاپاققا ئوخشايدۇ.

▲ ئالىي مەغلۇبىيەت ئۆلگىرى ئادەتلەنگەن خۇي ۋە ئادەتتىن بولىدۇ.

▲ چىرايلىق نەرسىنى يەنە زىنىنەتلەشنىڭ ئورنى يوق.

▲ غەيۋەت ئېچىتقۇ، ھەسەت كۆيدۈرگۈ.

ــ ئىسمائىل يۇسۇپ

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئالەمگە تۇتاشقان ئويلار

▲ تاغدا ياشىغانلار ناخشا توۋلاپ، ساسلىقتا ياشىغانلار پاشا قوغلاپ ئۆتىدۇ.

▲ خامانغا پاتمىغان دان زاۋۇتقا، جاھانغا پاتمىغان جان تاۋۇتقا سىغىدۇ.

▲ بازارنىڭ توك چۈجىسى قورامىغا يەتمەي چىللار، مەھەللىنىڭ دۇت پوچىسى ھالىغا باقماي سۆزلەر.

▲ قۇرت ـ قوڭغۇز ئېتىزنىڭ ھوسۇلىنى يەر، مەست «توڭغۇز» ئۆز قوسۇقىنى.

▲ چىشىنى يۇيمايدىغانلار چىشىدىن، ئۆزىنى تۇتالمايدىغانلار بېشىدىن بالدۇر كېتىدۇ.

▲ سېخىي ئەرنىڭ يېنىدىن ئەل كەتمەس، چىرايلىق ئاياللىڭ كەينىدىن ئەر.

▲ ئۇنۇمسىز يەرنىڭ داڭگىلى، ئەدەپسىز ئەرنىڭ جاڭجىلى كۆپ.

ــ تۇردى ئالاۋۇش

---

ئاپتور: كوچا ناھىيە خانقتام يېزا چىمەن كەنتىدە دېھقان

www.uyghurkitap.com

## تۇنجى تەپەككۇرۇم

▲ چوڭلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىغانلىق ــ ساڭا كېرەكلىك بولغان ئەڭ ئېسىل سوۋغاتنى ئالمىغانغا ئوخشايدۇ.

▲ چاقچاقنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويغان بولىسەن.

▲ شاللاق ئوغۇل بالا بەئەينى بىر ئىت ، چۈنكى ئىت ئالدىغا نېمە كەلسە يۇراپ باقىدۇ ئەمەسمۇ!

▲ سېنى قايتا ئالدىغان ئادەمگە يەنە ئىشەنگەندىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق بارمۇ دۇنيادا؟

ــ يۇلتۇزئاي ئابدۇرەھمان

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ «قوش تىل» تولۇق 2-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چەرچەن چېقىنلىرى

▲ كىتابخانىلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، مىللەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ بىر بىلىملىك ئادەم بىلەن پاراڭلىشىش ئون پارچە كىتاب ئوقۇغان بىلەن باراۋەر.

▲ كۆزەينەك تاقىغۇچىلار بىر بولسا تىرىشچان، بىر بولسا ياسالما، سۆلەتۋاز كىشىلەردۇر.

▲ غەيۋەتخورلۇق دېمەك ھەسەتخورلۇق دېمەكتۇر.

ــ ئاينساخان مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ۋە ساياھەت باشقۇرۇش كەسپى 2005-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## توغرۇل تىننىقلىرى

▲ كۆز ــ يا قورقىتار، يا قۇتۇرىتار.
▲ ئېغىز ــ يا يېگۈزەر، يا دېگۈزەر.
▲ قۇلاق ــ يا ھوشيار قىلار، يا گالۋاڭ.
▲ قول ــ يا زار قىلار، يا خار .
▲ باش ـ يا ئەزىز قىلار، يا خار.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى«توغرۇل»كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ئۆكۈنۈش ئەۋزەلدۇر ئۆتۈنۈشتىن دۈشمەن ئالدىدا.

▲ قىز كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئاسان، لېكىن قايىل قىلىش بەسي مۈشكۈل.

ــ يۈسۈپجان مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۇ سېنىڭ قەدرىڭنى بىلگەن چاغدا پەرۋا قىلمىدىڭ، سەن ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەن چاغدا بولسا ئاللىبۇرۇن كېچىكتىڭ.

ــ گۈزەلئاي قۇربان

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى مۇزىكا مائارىپى 2008-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر سوم تاپسىمۇ تېجىيەلىگەنلەر ــ باي، مىڭ سوم تاپسىمۇ تېجىيەلمىگەنلەر ــ گاداي.

ــ ئابدۇقەييۇم ئەيسا

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم(M1)

## دوزاخنىڭ ئېلانى

بىرەيلەن قازا قىپتۇ. تەلىيىگە، ئۇنىڭغا جەننەت ياكى دوزاخنى تاللاش ئەركى بېرىلىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن دوزاخ چۈشەندۈرۈلگەن رەسىملەرنى كۆرۈپ چىقىپتۇ. رەسىمدە رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ تۇرغان دەھشەتلىك قىمارخانىلار، قاتىرىسىغا سېلىنغان قاۋاقخانىلار ۋە ناز ـ كەرەشمىلىك، جىلۋىگەر سەتەڭلەر توپ-توپى بىلەن تۇرغۇدەك؛ كىشىلەر ئۇ يەردە خالىغىنىچە ئەيش-ئىشرەت قىلىۋاتقۇدەك. ھېلىقى مەرھۇم جەننەت تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنىمۇ كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، جەننەت ناھايىتى كەڭرى كەتكەن گۈلزارلىق ئىمىش، بىغۇبار ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئەمدىلا بۇ تىمتاس ئارامخۇدا گۈلزارلىقتا پورەكلىگەن گۈللەرنى ئۇزۇشۇۋاتقۇدەك.

بىرەيلەن ھېلىقى مەرھۇمدىن سوراپتۇ:

ــ قېنى، قايسىسىنى تاللىدىڭ؟

ــ ئەلۋەتتە دوزاخنىدە!

شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى دوزاخقا كىرىپتۇ.

ئۇ، دوزاخقا كىرىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، دوزىخىلار مەھشەر مالائىكىلىرىنىڭ ئازابىدىن مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىۋاتقۇدەك؛ داشقازانلاردا ئادەملەر قايناۋاتقۇدەك. مەرھۇم بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ بىر مالائىكىدىن سوراپتۇ:

ــ مەن جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بىرىنى تاللايدىغان چاغدا، قىمارخانىلاردا پۇخادىن چىققۇچە ئويناۋاتقان، توپ-توپ سەتەڭنىڭ ئارىسىدا يايراۋاتقان ئادەملەرنى كۆرگەنىدىم. بۇ يەر ئەسلي بىر قىزىل قىيامەتكەنغۇ؟

ــ ھەي ئەخمەق، ــ دەپتۇ مالائىكە جاۋابەن، ــ سېنىڭ كۆرگىنىڭ دوزاخنىڭ ئېلانى!

بۇ ساتىرا «ساتىرا ۋە يۇمۇر گېزىتى»نىڭ 2009-يىل 9- نويابىر سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2009-يىل مارت (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئەلجان تۇرسۇن تەرجىمىسى.

تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم(M2)



# ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك ۋە ئوخشاشلىقلار

▲ قىلتىرىقسىز بېلىق بولماس، كەمچىلىكسىز ئادەم.

— «سولاق» ژۇرنىلى 1988-يىل 1-سان 173-بەت، «ماقال-تەمسىللەر». توپلىغۇچى: ئۆمەر مۇھەممەت

▲ قىلتىرىقسىز بېلىق يوق، ئەيىبسىز ئىنسان.

— ئەھمەتجان قاسىم

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 4-سان 66-بەت

▲ يوتاقسىز دەرەخ يوق، نۇقسانسىز ئادەم.

— مۇھەممەتجان قۇربان شەرراربى

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 3-سان 61-بەت

▲ تامنىڭ يىقىلىشى زەيدىن، ئادەمنىڭ يىقىلىشى مەيدىن.

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1998-يىل 4-سان 47-بەت، «ھوزۇرنىلۇق ۋە ئىشچانلىق ھەققىدە ماقال-تەمسىللەر». ئەھمەتجان تاشتۆمۈر تەييارلىغان

▲ تامنى يىقىتقان چۈمۈلە بىلەن زەي،
ئادەمنى يىقىتقان ئىشرەت بىلەن مەي،

— ئەسقەر مەخەت

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 3-سان 42-بەت

▲ تۆھمەت گاچىنىمۇ زۇۋانغا كەلتۈرەلەيدۇ.

— رابىيگۇل ئابلىكىم

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 1-سان 19-بەت

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ناھەق ئىشلار تەكرار-تەكرار يۈز بېرىۋەرگەن يەردە گاچىغىمۇ «تىل چىقىدۇ»

— بەھرىنىسا ئادىل (دىلەفكار)

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 4-سان 25-بەت

▲ بېشىڭغا بەخت قۇشى قونغاندا دوستۇڭ سېنى چۈشىنىدۇ؛ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سەن دوستۇڭنى چۈشىنىسەن.

— گۆھەرپاشا ئابدۇرېھىم

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 1-سان 18-بەت

▲ خۇشھال بولغاندا دوستلار بىزنى تونۇيدۇ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بىز دوستلارنى تونۇيمىز.

— قەلبىنۇر سېيىتنىياز (چاقماق)

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 6-سان 54-بەت

▲ لەۋز — قەرز.

— تۇرغۇن ئەمرۇللا

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 1-سان 51-بەت

▲ ۋەدە — قەرز، ۋاقتى كەلگەندە تۆلەيسەن.

— ئابلەتجان شۇكۇر (خۇشچاقچاق)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 6-سان 49-بەت

---

سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگۈچى: ئۈرۈمچى«توغرۇل» كىتابخانىسىدىن ئابدۇغەنى توختى توغرۇل(M1)



# «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە» — ئىزگۈ تىلەكتە ئوقۇلغان مەدھىيە

ياسىنجان سادىق چوغلان

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى، ھېكايە پېشۋاسى نۇرمۇھەممەت توختى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە»سى ئارقىلىق بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەدىئىي زوقىنى يەنە بىر قېتىم قوزغىۋەتتى. سۆيۈملۈك ئەدەبىيات زوقمەنلىرىنىڭ بەھس ـ مۇنازىرىسىگە سەۋەب بولدى. خوش:

— باشلىق بىلەن بوۋاي — كېپەن ئوغرىسىنىڭ تىلى بىر.

— باشلىق ساختىلىق قىلىۋاتىدۇ.

— نەدىمۇ ماشىنىسىغا خوتۇن ـ بالىلىرىنى چىقارماي، نەدىكى بىر سالپا ـ سايىقلارنى چىقىرىدىغان باشلىق بار ئىكەن؟

— يۇرتقا كەلگەن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى چىقىرىۋېلىشىدىكى سەۋەب ئۆزىنى پەردازلاش.

— باشلىقنىڭ مۇشۇ خاراكتېرىدىنلا ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

— باشلىق دېگەن، بىرى، خوتۇنىدىن، يەنە بىرى، شوپۇرىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ.

— نەدىمۇ باشلىقىدىن ئۇنداق قورقىدىغان شوپۇر بولسۇن؟

— شوپۇرىغا خۇشامەت قىلىدىغان نۇرغۇن باشلىقنى كۆرگەنمەن.

— ھېلىقى بوۋايمۇ سېپى ئۆزىدىن كېپەن ئوغرىسى، بالىسىنى ئىزدىشى يالغان.

— شۇنى دەيمەن، 24 ياشلىق بالىنىمۇ يوقاپ كەتتى دېگىلى بولامدۇ؟

— تېخى قەبرىستانلىقنى كولاپ ئىزدەيدىكەن، ھېكايىدە بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. بوۋاينىڭ قەبرىستانلىقنى كولىشى كېپەن ئوغرىلاش ئۈچۈن.

— باشلىق بىلەن كېپەن ئوغرىسىنىڭ تىلى بىر.

يۇقىرىقىلار «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە» تۈپەيلى بولغان بەھس ـ مۇنازىرىلەرنىڭ بىر قىسمى.

راستىنلا شۇنداقمۇ؟

مېنىڭ جاۋابىم: ياق!

بىزدە ئاشۇنداق باشلىقلارمۇ بار.

بىزدە بالا دەردىدە ئېلىشىپ قالايلا دېگەن بوۋايغا ئوخشاش ئاتىلارمۇ بار.

بىزدە شوپۇرغا ئوخشاش باشلىقنىڭ ئاشۇنداق ئېسىل پەزىلىتىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان، قاقشايدىغان، گۇمانلىنىدىغان كىشىلەرمۇ ھەم بار.

ئەمما مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ھەقتە پاكىت كەلتۈرۈپ سۆزلىگىم يوق. مەقسەت بۇ ئەمەس.

ئۇزۇندىن بېرى ئوقۇرمەنلىرىمىز نۇقسانسىز، كەم ـ كۈتىسىز يارىتىلغان پېرسوناژلارغا كۆنۈپ كەتتى. بىزدىكى خېلى كۆپ ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ پېشانىسىغا ئىجابىي ـ سەلبىي دېگەن تامغىلار بېسىلىپ، ياخشىلار نۇقسانسىز ياخشى، ئەسكىلەر كەم ـ كۈتىسىز ئەسكى بولۇپ تەسۋىرلەندى؛ ئىنسان تەبىئىتى ئاز ئىپادىلەندى؛ ئىنسان تەبىئىتىنى چىقىش قىلىپ يېزىلغان

## كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەر تەنقىدلەندى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ قېلىپقا كۆنۈپ قالغانىدى. تەلىيىمىزگە مەرھۇم زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، نۇرمۇھەممەت توختى، خالىدە ئىسرائىل، ئەختەم ئۆمەر، مۇھەممەت باغراش... قاتارلىق ئۇستازلار بۇ قېلىپنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېپيېڭى بىر يول ئېچىپ بەردى. بىر قىسىم ياش يازغۇچى بۇ يولدا چوڭ قەدەم ئالدى.

ئەزەلدىنلا تېما تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، تامچە سۇدىن قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ماھىر بۇ ھېكايە پېشۋاسى ئىلگىرىكى نادىر ھېكايىلىرىگە ئوخشاشلا ھېكايىچىلىقىمىزدىكى قاتمال قېلىپنى يەنە بۇزۇۋەتتى. شۇ سەۋەبلىك «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە»نى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلىرىمىز قايىقى يامان، شوپۇرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان (ئەمەلىيەتتە بۇ مۇئامىلىنىڭ سەۋەبى بار) باشلىقنىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئېچىۋەتكەن بوۋايغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن، ئىسسىق گىردىنى يېمىگەن، مىنېرال سۇنى ئىچمىگەن بوۋاينىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئېچىۋەتكەن قىلمىشىنىڭ تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىمىغىنىدىن تازا پۇخادىن چىقالمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە باشلىق ساختىپەز، پارىخور، چىرىك تەسۋىرلىنىشى، ئۇنىڭ يولدا ئۇچرىغان ھاجەتمەنلەرنى، يۇرتقا كەلگەن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ماشىنىسىغا چىقىرىۋېلىشى ئۆزىنى پەردازلاش ئۈچۈن قىلغان ھىيلىگەرلىكى بولۇشى كېرەك ئىدى. بوۋاي ئاشۇ ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىر پاجىئەگە يولۇقۇشى، ئەڭ ئاخىرىدا شوپۇر باشلىقنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلىشى كېرەك ئىدى.

بىراق مەن ھەرگىز ئۇنداق قارىمايمەن. شۇڭا «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە»نى ئوقۇپ ئۇزاققىچە ھاياجىنىم بېسىلمىدى. شوپۇرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتكەن باشلىقنىڭ ئۆزى رولغا چىقىشى ھاياجىنىمنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. يىراق خوتەن دىيارىدا داۋراڭسىز، مىننەتسىز ياشاپ ئىجاد قىلىۋاتقان ھېكايە پېشۋاسى، مۆھتەرەم نۇرمۇھەممەت توختىنى كامالىي ئېھتىرام، غايىبانە ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالدىم، سېغىندىم. خوتەنگە بارغىنىمدا ئالىلقانداق سەۋەبلەر بىلەن يوقلاپ بارالمىغىنىم، دىدارى مۇلاقات بولالماي قايتىپ كەلگىنىمدىن ئەپسۇسلاندىم. ئۆزگىچە بەدىئىي تالانتىغا يەنە بىر قېتىم قول قويدۇم. ئۇستازنىڭ ھامان ئۇستازلىقى بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ھەئە، باشلىق ماڭا ھەقىقىي چىن ئىنساندەك، قەھرىمۇ، زەھرىمۇ بار ئەركەكتەك تۇيغۇ بەردى. ئەمما خوتۇن ـ باللىرىنى ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىغا چىقارمىغانلىقىدىن راستىنلا ئەپسۇسلاندىم. «بۇ تەرىپى سەل ئېشىپ كەتتىمۇ ـ قانداق، ھەرقانچە بولسىمۇ خوتۇن ـ باللىرىغا بۇ قاتارلىق قاتتىق قوللۇق قىلماس، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئائىلى، باللىرى ئەمەسمۇ» دېگەنلەر كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ئالىم ـ ئۆلىمالارغا ھۆرمەت كۆرسىتىش مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتى. ھېلىقى باشلىق بولسا بۇلى ۋىجدانىي بۇرچ، مەجبۇرىيەت قاتارىدا ئادا قىلىپ كەلگەن. بۇنداق مەنسەپدارلار تارىختىمۇ بولغان، ھازىرمۇ بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سانى بەك ئاز. بۇ چولتا يازمامدا بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلمايدىغان بولغاچقا يەنىلا ھېكايىگە قايتاي.

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققەت نەزىرى باشلىقتىن قالسا بىچارە شوپۇرنىڭ ئىزاغا قېلىشىغا سەۋەب بولغان بوۋايغا ــ ئاتالمىش «كېپەن ئوغرىسى»غا بەكرەك مەركەزلەشكەندەك قىلىدۇ. باشلىقنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن رازى بولمىغاندەك قىلىدۇ. گويا يازغۇچى بۇ مەسىلىگە ئىزاھات بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك.

بوۋاينىڭ دەردىنى بالىسىنى يىتتۈرۈپ قويغانلار چۈشىنىدۇ (بۇنداق دەھشەتلىك پاجىئەنى پەرۋەردىگار بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن). بالا دەردى ئاشۇنداق يامان. ھېلىقى بوۋاينىڭ بالىسى 24 ياشقا كىرىپتۇ، 42 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئاتا بولغۇچىنىڭ قەلبىدە ئۇ مەڭگۈ بالا. تۇيۇقسىز غايىب بوپكەتسە ئاشۇنداق ئىزدەيدۇ، ئۇچرىغان ئادەمگە چىرايلىقلىقىنى، ئوماقلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، تەرىپىنى قىلىدۇ، ئاخىرىدا سۆزلەپ قالىدىغان، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بوپقالىدۇ. خۇددى ئاشۇ بوۋايغا ئوخشاش. بالىنىڭ دەردى ـ پىراقىدا سەۋدا بولغان ئاتا نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ بالىسىنى ئىزدەپ جاھان كېزىدۇ، تاغ ـ دەريالارنى ئاختۇرىدۇ، ھەتتا قەبرىلەرنىمۇ كولايدۇ تېخى. چۈنكى ھايات بولسا تىرىكىنى، ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۆلۈكىنى كۆرۈشى كېرەك. بەختىسىز ئاتا بالا پىراقىدا ئەنە ئاشۇنداق سەدپارە بولىدۇ. ئۇستاز يازغۇچى مانا بۇ تەپسىلاتلارنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بايان قىلىپ ئولتۇرمىغان. بۇ بوشلۇقنى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىغا قالدۇرۇپ قويغان. بوۋاينىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن، روھىي ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئازاب ـ ھەسرەتلىرىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. ئەمما بۇ ئازابلىق ھېسسىي تەپەككۇرنى ئوقۇرمەنلەرگە تاشلاپ بېرىش ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ماھارەت ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر چۆچۈرىسىدەك قۇلىقى بار، چىرايلىق بالىسى دەردىدە سۆزلەيدىغان بوپقالغان (بوۋاينىڭ كىشىلەرگە يوقاپ كەتكەن بالىسىنى گاھى بىر، گاھى ئىككى دېيىشى بۇ ھۆكمىمىزنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ) بوۋاينىڭ سەۋەبىدىن تاسادىپىي ھالدا قەبرە، قەبرە بولغاندىمۇ قەدىمىي قەبرە ئېچىلىپ قالدى ــ كاتتا ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشقا سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن باشقا نەتىجىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بوۋاي كېپەن ئوغرىسى ــ يەنە كېلىپ قەدىمىي

قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە ئاچىدىغان ئاسارئەتىقە ئوغرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى هازىرلىمىغان.

هازىر جەمئىيىتىمىزدە 20 ـ 25 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ياشلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىر هادىسە. بۇنىڭ هەر خىل سەۋەبى بار. بۇ سەۋەبنى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىز چوقۇم هېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. بوۋاي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ باللارنىڭ دەردىدە سەدپارە بولۇۋاتقان ئاتىلارنىڭ تىپىك ئوبرازى. باشلىق بوۋاينىڭ دەردىنى، روهىي هالىتىنى چۈشەنگەن. شۇڭا شوپۇر بوۋاينى يالغانچىلىقتا ئەيىبلىمەكچى بولغاندا پەرۋا قىلمىغان، قەدىمىي قەبرىنى ئېچىۋەتكەن بوۋاينىمۇ هەم گۇناهكار هېسابلىمىغان.

هېكايىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە كەلگەندە باشلىقتا قانچىلىك قايىل بولساق، بوۋايغا شۇنچىلىك هېسداشلىق قىلماي قالمايمىز.

خۇلاسىكالام، «شوپۇر ئېيتقان هېكايە» ئۇستاز، هېكايە پېشۋاسى نۇرمۇهەممەت توختىنىڭ ئىمانى ئەركەك پاكىز قەلىمىدىن چىققان يەنە بىر نادىر هېكايە؛ هېكايىچىلىقىمىزدىكى كونا قېلىپ ـ ئەندىزىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان ئۆزگىچە هېكايە؛ كىشىلەرنى، مەيلى مەنسەپدار، مەيلى ئاۋام بولسۇن، ياخشىلىققا، گۈزەللىككە ئۈندەيدىغان هېكايە؛ ئەزگۈ تىلەككە ئوقۇلغان مەدهىيە ناخشىسى.

ئىشەنچىم كامىلكى، هېلىقى شوپۇرلا ئەمەس، هەرقانداق بىر شوپۇر مۇشۇنداق باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى بىر ئۆمۈر هەيدەپ بېرىشكە رازى. شەرت: «باشلىق ماشىنىدا بولسىلا.»

## سۆز ئاخىرى

بۇ هەم چولتا، هەم دۇمبۇل يازمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ ئويلىنىپ قالدىم:

«چوغلانبدگ، ساڭا بۇ نېمە ئاتىكاچىلىق. ئۇستازىڭنىڭ ئېسىل هېكايىسىگە پالان ـ پۇستان دەپ جۆيلۈشتىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟ هېكايىنىڭ سەۋىيىسىگە تۇشلۇق ئىككى قوۋۇز گەپ قىلالىغان بولساڭ كاشكى.»

ئۆزۈمنى ئاقلىغۇم كەلدى:

«ئۇنىڭغۇ راست. بۇ دېگەن ئوبزورچى ـ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىشى ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇستازلار يېگى ئېرا ۋە ئەسىر كىرگەندىن بۇيان زور ـ كاتتا تەتقىقاتلار بىلەن بوپكەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئەدەبىياتىمىزدىكى نادىر ئەسەرلەرگە، بەهس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان ئەسەرلەرگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىدۇ. نېرىسىنى دېمىگەندىمۇ، يېگى ئەسىر مابەينىدىكى هېكايىچىلىقىمىز، پوۋېستچىلىقىمىز، رومانچىلىقىمىز، شېئىرىيىتىمىز، نەسىرچىلىكىمىز خۇلاسىلەنمەيۋاتىدۇ. شۇڭا كېكەچ تىلىم بىلەن بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ باقاي دېدىم. هېكايىنىڭ شۆهرىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويغان بولسام ئەپۇ سورايمەن.»

2009 ـ يىل 11 ـ ماي، ياركەنت

---

ئاپتور: يازغۇچى، يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى (M1)

---

# ئۇششارباشتىكى ئۆزگىچە توي ئادىتى

## ياسىنجان ئەمەت

قاغىلىق ناهىيىسىنىڭ قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان ئۇششارباش يېزىسىدا قىز كۆچۈرۈش ئالدىدىكى ئۆزگىچە توي ئادىتى قىش، ئەتىياز، كەچ كۈزدە هازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇششارباشتا توي كۈنى ياكى توي هارپىسىدا قىز تەرەپتىكى قىز ـ چوكانلار رەڭگارەڭ قەغەزدىن تولىمۇ چىرايلىق ـ نەپىس گۈللەرنى قىيىپ تەييارلايدۇ. توي كۈنى بىر تال جىغان شېخى شوخلىرىغا ئالدى بىلەن بۇ گۈللەرنى ماسلاشتۇرۇپ قادىغاندىن كېيىن، شاخنىڭ باشقا شوخلىرىغا بويالغان پىششىق تۇخۇم ۋە ئالما، ئانار، كەمپۈت، قەنت ـ ناۋات، بوغۇرساق، ئۆرۈك قېقى، چىلان... قاتارلىق يەل ـ يېمىشلەرنى سانجىپ، تويى بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئۆيى ئالدىدا قىزنىڭ چوكاندىن بىرسى تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش بىرەر يۇز مېتىر يىراقتىن قارىغاندا گوياكى مېۋىگە كىرگەن گۈللۈك مەنزىرە دەرىخىگە ئوخشسا، يېقىندىن قارىغاندا، خۇددى مېهمانخانىدا داستىخانغا تىزىلغان هەرخىل مېۋە ـ چېۋىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرىدۇ.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر كېلىنچەكنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە قىز ـ چوكانلاردىن بىرسى بۇ جىغان شېخىنى كۈيئوغۇلغا سۇنىدۇ. كۈيئوغۇل ئالدى بىلەن كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىيما گۈلدىن بىرنى، ئاندىن تۇخۇم ۋە مېۋىدىن بىر ـ ئىككىنى ئالغاندىن كېيىن يىگىت قولداشلىرى مېۋە ـ چېۋىلەرگە قول ئۇزىتىدۇ. كېيىن مېهمانلار ۋە كىچىك باللار مېۋە ـ چېۋىلەردىن ئېلىشىدۇ. بۇ چاغدا خۇشاللىق ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ يوسۇن ئادا قىلىنغاندىن كېيىن قىز كۆچۈرگۈچى مېهمانلار ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ.

---

ئاپتور: قاغىلىق ناهىيە ئۇششارباش يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم (M1)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ھازىرجاۋاب شائىر روزى سايىت

ئابدۇرەھىم ھەكىمي

2009- يىل 8 . سېنتەبىر دېھقانغا دىلكەش شائىر روزى سايىتنىڭ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقىنىغا سەككىز يىل بولدۇ. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇم خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەپسۇس، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ نامىغا ئاتاپ بىرەر پارچە مەرسىيە يېزىپمۇ ئېلان قىلدۇرمىدىم. مەرسىيە يازمىدىم ئەمەس، بەلكى يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىمىدى. قولۇمغا قەلەم ئالسام‌لا پىكرىم چېچىلىپ كېتىپ، دېمەكچى بولغانلىرىم قەغەز يۈزىگە سىغمىغاندەك بىلىنىپ قالدى. شۇڭا بۇ نۆۋەت بۇ ئەسلىمنى يېزىشنى مەرھۇمنىڭ روھىناتى ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ قاراپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

مەرھۇم روزى سايىت خۇشچاقچاق، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق، مىجەزى چۇس، ئەمما كۆڭلى تۈز ئادەم ئىدى. ھازىرجاۋاب شائىرلىقتا ئۆز زامانىسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن تالانتلىق شائىر ئىدى.

## شائىر ۋە ئىخلاسمەن

مەن روزى سايىتنى 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا، ئۇنىڭ «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى»، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ئارقىلىق سىرتتىدىن تونۇغانىدىم. 1985- يىلى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق غەزىلى«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. مەن بۇ شېئىرنى ياقتۇرغىنىمدىن يادلىۋالدىم. 1987 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ «تەرسائىي» تەخەللۇسىدا ئېلان قىلىنغان رۇبائىيلىرىنى ئوقۇدۇم. بۇ رۇبائىيلار ماڭا بەك ياقتى. شۇ رۇبائىيلارنىڭ ئىلھامى بىلەن مەنمۇ بىر تۈركۈم رۇبائىي يازدىم. مەن ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قۇلاق موللىسى بولغاچقا، نېمىنىڭ شەرىئەت، نېمىنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتىم. شۇڭا دىنىي ئىسلامنىڭ مۇقەددەسلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان چاكىنا، رىياكارلىقلارنى ھەجۋىي قىلىپ يازغان بۇ رۇبائىيلىرىمنى كۆچۈرۈپ، ئىلاۋىسىگە «روزى سايىتقا تەقلىد» دەپ يېزىپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم. بۇ رۇبائىيلىرىم «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 5 . سانىدا ئېلان قىلىندى. روزى سايىت «روزى سايىتقا تەقلىد» دېگەننى «ئۆمەر ھەييام ئىزىدىن» دەپ تەھرىرلەپ قويۇپتۇ. 1987 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2-، 4-، 5-

سانلىرىدا ئۇدا ئۈچ گورۇپپا شېئىرىم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى نويابىردا ئۆزۈمچە بىر گورۇپپا شېئىر بىلەن ئۈچ قوغۇننى ئېلىپ خوتەن شەھىرىگە كەلدىم (ئۇ چاغدا مەن قاراقاش ناھىيە يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئىشلەيتتىم). روزى سايىت بىلەن خوتەن ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاختايلىق ئىشخانىسىدا كۆرۈشتۇم. روزى سايىت ئادەتتە كۈندىلىك كەلگەن ئەسەرلەرنى بېسىپ قويۇپ، ژۇرنالغا ئەسەر تەييارلايدىغان چاغدا ئاندىن بىرىنچىچە كۈن ئولتۇرۇپ بىراقلا تەھرىرلەپ، پىكىر يازىدىكەن. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمنىڭ يۈزىدىن بولسا كېرەك، ئۇ ئەكەلگەن شېئىرلىرىمنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ: «بۇ شېئىرلىرىڭىز بۇرۇن ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭىزغا ئوخشىمايدىكەن. سىز يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشىپسىز. شۇڭا ئۆزىڭىز ياش بولغاندىكىن، قىز باللارنىڭ كۆزىڭىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن يەرلىرىنى يېزىپ پوچتىدىنلا سېلىۋېتىڭ. ئۆزىڭىز كېلىپ ئاۋارە بولماڭ» دېدى ـ دە، شېئىرلىرىمنىڭ كەينىگە بىر نېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغىچە مەشكە كۆمۈر سېلىۋېتىپ، مەشنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. بىر چاغدا ئۇ شېئىرلىرىمنى قاتلاپ بىر كونۋېرتقا سېلىپ: «بۇنى ئالغاچ كېتىپ ساقلاپ قويۇڭ» دەپ ماڭا بەردى. مەن شېئىرلىرىمنى ئېلىپ روزى سايىت بىلەن خوشلىشىپ، كۆڭلۈم غەش ھالدا يېنىپ چىقتىم. كۆڭلۈمنىڭ غەشلىكى، قاراقاشنىڭ ياۋا يېزىسىدىن ئاتايىن ئاچىقتۇرغان يوغان ئۈچ قوغۇننى ئەكېلىپمۇ شېئىرلىرىمنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىم ئىدى. ئىشخانىدىن چىقىپلا كونۋېرتنى ئېچىپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. كۆڭلۈمدىكى غەشلىك شادلىققا ئايلاندى. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدىكى شۇنداق بىر كاتتا مۇھەررىر، مەشھۇر شائىر روزى سايىت شۇ ئەرزىمەس شېئىرلىرىمغا شۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، مۇنداق شېئىرىي پىكىر يازغانىكەن:

«شائىر ئىنىم، بۇ شېئىرلار قېيىقالدۇ،
مەن يوللىسام باش مۇھەررىر ئېيىقالدۇ.
ئۇنىڭغىمۇ ئامال قىلىپ ئېلان قىلساق،
ئوقۇغانلار ئىسىت شائىر، دەپ قالدۇ.
كالپىندارغا قاراپ ئەسەر يازغانلاردىن
شېئىر ئەمەس، بىر تاغاردا گەپ قالدۇ.
بىزگە ئوخشاش قېرىلارنى سىز دورىماڭ،
ئۇنداقلاردىن ئېچىنىشلىق (خەپ!) قالدۇ.
شېئىر يېزىڭ، باستۇرۇشقا باش قاتۇرماڭ،
شۇندا خەلقىم ئارمانىڭىزنى يەپ قالدۇ.»

گەرچە ئۇ شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، شېئىرلىرىمنىڭ روزى سايىتنىڭ نەزىرىگە ئىلىنغانلىقىدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم.

1990ـ يىللارنىڭ بېشىدا روزى سايىتنىڭ قەلەمكەشلەرگە يازغان شېئىرىي چاقچاقلىرىنى ئوقۇپ، شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن مەنمۇ قەلەمكەش دوستلارغا ئۈچ قېتىم شېئىرىي چاقچاق يېزىپ «يېڭى قاشتېشى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردۇم. بۇنى كۆرۈپ ئاق كۆڭۈل روزى سايىت مېنىڭ ئۆزىنى دوراپ باققىنىمدىن، ئىزىدىن ماڭغىنىمدىن خۇش بولۇپ، ھەرخىل سورۇندا مېنى ماختاپ يۈرۈپتۇ.

1995 ـ يىلى نويابىردا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى «چۈنكى مەن نامەرد» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇنىڭدىن خوتەندىكى قەلەمكەش دوستلار ماڭا ئوخشاشلا خۇش بولدى. چۈنكى قورداشلىرىم ئىچىدە مۇستەقىل كىتاب چىقارغىنىمۇ پەقەت مەنلا ئىدىم. شۇڭا دوستۇم تەلئەت ئاتاۋۇللانىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن قەلەمكەشلەر ئەنجۈمەنى خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى رېستورانىنىڭ يۇملاق گۈمبەزىدىكى ئايرىمخانىغا جەم بولۇپ، مېنى، ياق، مېنىڭ شۇ كىتابىمنى تەبرىكلىدى. مەن كىتابقا ئىمزايىمنى قويۇپ ھەربىر ئادەمگە بىردىن سوۋغا قىلدىم. روزى سايىت شۇ مەيداندا يازغان مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپ سورۇن ئەھلىنى خۇش قىلىپ، سورۇن كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى:

«بالا (نامەرد) نەشرىياتنىڭ تېشىغا چىقتى،
نەۋقىرانلار كۆك گۈمبەزنىڭ بېشىغا چىقتى.
ھاياجاننىڭ قوچىقىدا ئىركىلەپ ھەكىم،
ئىمزا قويۇپ مۇقاۋىنىڭ بېشىغا چىقتى.

(مەن نامەرد)، شۇ ماۋزۇيىڭىز تېتىدى بالدەك،
خۇشھال بولدۇق نەۋرە كۆرگەن ئاقساقال چالدەك.
شۇ خۇسۇستا يېزىڭ ئۇكام يەنە توختىماي،
ئارىمىزدا نامەرد تولا يۈگۈنىسىز ماللەك.»

ئەپسۇس، شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بۇ قەلىمىم روزى سايىت بىلەن قېرىشقاندەك گاللىشىپ قالدى. بۇنىڭ بىرى، رەھبەرلىك مېنى 1996 ـ يىلى يانۋاردا خوتەن شەھەر يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. شۇ يىلى مايدا «باشلىق بولساڭ مەندەك بول» دەپ بىر پارچە شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغانىدىم. بۇ شېئىرنى باشلىقلىرىم ئوقۇپ: «ھەممىمىز ئابدۇرەھىمدەك باشلىق بولساق ئاندىن بولامدىكەن؟ باشلىق دېگەن بىزدەك بولسا بولمامدىكەن؟!» دەپ رەنجىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭسىزمۇ شېئىر بىلەن ماقالىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان خىزمەتداشلىرىم مەن مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىن ئېلان قىلدۇرغان شېئىرلىرىمنى خۇددى «قىزىل سەللىلىك ھۆججەت»تەك چۈشىنىپ يۈرۈشكەنىدى. مۇھىمى، كىتابىم چىققاندىن كېيىن ئىجادىيەتتە ئۆزۈمگە بەك قاتتىق تەلەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قويىدىغان، يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىمايدىغان بوپقالدى. خۇددى شۇ بىر پارچە كىتاب بىلەن مەن بىر داڭدار شائىر بوپقالغاندەك... ئۇنىڭ ئۇستىگە مەندەك بىر مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئۇچۇن مەنسەپدارلىق دېگەنمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسكەن. ئەتىسى قىلىدىغان ئىشىڭىزنى ئاخشىمى يوتقاندا ئويلاپ ياتىدىكەنسىز، قارىماققا بىكار يۈرگەندەك قىلغان بىلەن كاللىڭىز دەم ئالمايدىكەن. دېمەك، شۇنداق ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىم ئارىدا بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇنىڭدىن روزى سايىت بەك خاپا بولۇپ يۈردى.

2001 ـ يىل 16 ـ يانۋاردا ئۆيگە مېھمان چاقىرغانىدىم، ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا روزى سايىتمۇ بار ئىدى. مېھمانلار يەپ ــ ئىچىشكەچ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشتى. بىراق روزى سايىتنىڭ كەيپىياتى بۇرۇنقىدەك كۆتۈرەڭگۈ ئەمەس ئىدى (ئېھتىمال لەنىتى راك كېسىلىنىڭ باشلانغان ۋاقتى بولسا كېرەك). مېھمانلار روزى سايىتنىڭ لەۋزىدىن ئىككى كۇپلېت شېئىر ئاڭلىماسا كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى. روزى سايىت شۇ يەردىلا: «بانكىر ئىنىمغا شائىرانە خەت» دېگەن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ ئوقۇپ بەردى:

«بىلىمەن، سەن مەرد، بىراق نامەرد ئەمەس،
ئورتا بويسەن، ياكى تاغ قامەت ئەمەس.
مەنسىپىڭدىن ئىززىتىڭ چەندان ئۇشۇق،
بۇ ئۇشۇقلۇق ئۆچىرىغان ئامەت ئەمەس.
ئامىتىڭ كەلدى قەلەمنىڭ زەۋقىدىن،
ئىقتىدارىڭ توغما، (تەستىق خەت ئەمەس).
تونجى ئۆچىراشقاندا بىز ئون يىل بۇرۇن،
مەن دېگەن: شېئىركى ــ ئوت، مەدھىيە، ئايەت ئەمەس.
ياز ھەقىقەتنى ئىنىم لىللا تۇرۇپ،
ساختا ئىلھامنىڭ كۈچى غايەت ئەمەس.
سەن گېپىمنى ئەستە تۇتتۇڭ، ئازمىدىڭ،
ھەم دېدىڭ: يالغان ماڭا راھەت ئەمەس.
غۇنچە تاقتىڭ لەۋزى چىنلىقتا بۈگۈن،
ئەمما شائىر توختىغاق سائەت ئەمەس.
تۇت ئەمەلنى بىر قولۇڭدا، بىر قولۇڭ ــ
مەنۋى باغ راسلىسۇن، بۇ، سەت ئەمەس.
ئەي ھەكىمى مالۇ ئىجاد داغداملىدىن ــ
روزى سايىتتەك، ئۇمۇ نامەرد ئەمەس».

مەرھۇم روزى سايىت ئۆز ھاياتىدا مەيلى تويى . مەرىكە، مەيلى ناماز . مۇسىبەت بولسۇن، مەيلى مەنسەپدارلار ھوزۇرىدا ۋە مەيلى ئاددىي دېھقانلار ئارىسىدا بولسۇن؛ مەيلى شائىرلار مۇشائىرىسىدە ۋە ياكى ئېغىر ئەمگەك مەيدانلىرىدا بولسۇن يۇقىرىقىدەك ھازىر جاۋاب سورۇن شېئىرلىرىنى ناھايىتى كۆپ يازغان. مەن پەقەت تېما ئېھتىياجى بىلەن ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇ ئۈچ پارچە شېئىرىنىلا تىلغا ئالدىم. ئەگەر ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان، خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن سورۇن شېئىرلىرىنى يىغىپ توپلام قىلساق ئۇنىڭدىن توم بىر كىتاب پۈتىدۇ.

**كىچىككىنە قىستۇرما.** روزى سايىتقا نىسبەتەن مەن ياش جەھەتتە ئىنى، ئىجادىيەت جەھەتتە شاگىرت دېمەتلىك بولسامۇ، بىراق ئۇ ھەر ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى خانىمى روزىنىساخان ۋە بالىلىرىنى ئېلىپ ئۆيۈمگە پەتىلەپ كېلىپ مېنى يوقلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە، مەن ھەر جەھەتتىن چوڭ بولغاندىكىن ئابدۇرەھىم ھەكىمىي ئاۋۋال مېنىڭ ئۆيۈمگە سالامغا كەلسۇن دەيدىغان غەيرىي خىيالى ھەرگىز يوق ئىدى. بەزى ھېيتلاردا مەن يوقلاپ بارالمىسامۇ ئۇ ھەرگىز رەنجىمەيتتى، ئۇ يەنە مېنى يوقلاپ كېلىۋېرەتتى.

دېمەك، مەرھۇم روزى سايىت ھەۋەسكار ۋاقتىمدا مېنى يېتەكلىگەن، كىتابىم نەشر قىلىنسا مەن بىلەن تەڭ شادلانغان، قەلەمنى تاشلاپ قويسام مەندىن رەنجىگەن، مېنىڭ ئىجادىيەتتە توختاپ قالماسلىقىمنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلغان، كەمتەرلىكتە ماڭا ئۆلگە كۆرسەتكەن ئاق كۆڭۈل ئۇستازىم ۋە ھازىر جاۋاب شائىر ئىدى.

ـ ئۆركەش جاپپار فوتوسى

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: شائىر روزى سايىت (2001.9.8 ــ 1943) ۋاپاتىدىن بىر يىل بۇرۇن ــ 2000 ـ يىلى سېنتەبىر ئۈرۈمچى «ياشلار» باغچىسىدا.

ئاپتور: شائىر، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى خوتەن ۋىلايىتى شۆبىسىنىڭ پېنسىيونېرى (M2)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن تۈپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 ـ 2850601 ئالاقىلەشكۈچى: نۇرشاد ھاكىم




تاغدىن ـ باغدىن

## ھاياتلىقتىكى «ئىزىتقۇ شەيتان»لار

ھاياتلىقتا دوستىنىڭ ئوبدىنىمۇ، ئوسلىمۇ بولىدۇ. ئىسىل دوستۇڭ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ساڭا چىن ئىخلاسى بىلەن قول ـ قانات بولىدۇ. ئالا كۆڭۈل دوست بولسا ئىزىتقۇ شەيتانغا ئوخشاش سېنى تۈيدۇرماستىن ئوتقا ئىتتىرىدۇ. ئالا كۆڭۈل دوست قارىماققا ئانچە قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس. ئەمما ئۇ ئالدىڭغا ھجىيىپ كەلگەندە نىيەت ـ مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ، ئۇنى ياخشى دوستلۇرۇمدىن دەپ قالىسەن. ئەڭ قورقۇنچلۇقى دەل مۇشۇ يەردە. مەسىلەن، «پۇلپەزلىك»، «ھوقۇقپەرەسلىك»، «ئىشرەتخورلۇق»، «شارابخۇمارلىق»لار تۇرمۇشتا بىزگە قەدىناسلار كەبىي ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار «جان دوستلار نىقابى»بىلەن ئالدىڭغا كېلىپ ئەقلىڭنى ئالىدۇ.

بىراق، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇزلىرىنىڭ سېنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان شەيتانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «پۇل»ــ ھەم تۇتىيا، ھەم نىجىس. چۈنكى، جاھاندارچىلىقتا پۇل بولمىسا بولمايدۇ. ئوزۇق ـ تۈلۈكۈڭگە، كىيىم ـ كېچەكىڭگە، روزىغارىڭغا پۇل كېتىدىغان گەپ. ھالبۇكى، پۇلنىڭ زىيادە كۆپلۈكىمۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. پۇلدارلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەختلىك، ئۆم ـ ئىناق ئۆتكۈزۈپ كېتەلىشىمۇ ناتايىن. زىيادە كۆپ پۇل گاھىدا ئادەمگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ، ھەتتا جان ئالغۇچى سىرتماققا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى كونىلار «ئادەم ئالدىنار مالغا، قۇش ئالدىنار دانغا»دېگەن ئەمەسمۇ؟! ئەلمىساقتىن بېرى تالاي كىشى دەپنە ـ دۇنيا ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بەردى. ئەدناسى، ئازادلىقنىڭ دەسلەپدە (رەھبىرىي كادىرلاردىن) ليۇچىڭشەن، جاڭ زىشەنلە خىيانەتچىلىك قىلغاچقا ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋاڭ خۇەيجۇڭ(ئەنخۈي ئۆلكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)، لى جېن(خېبېي ئۆلكىسى دۆلەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى)مۇ خىيانەتچىلىك قىلىپ ئېتىپ تاشلاندى. دېمەك، پۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىزىتقۇ شەيتان يۇقىرىقى «شورپېشانە»لەرنى ئاخىرقى ھېسابتا جەھەننەمگە ئۇزاتتى.

«ھوقۇق»ــ بەزىلەر ئۈچۈن ئۆمۈربويى ھارماي ـ تالماي ئىنتىلىدىغان نىشان. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئەمەل ـ مەنسەپ ــ سېھرىي كۈچكە باي قۇدرەتنىڭ بەلگىسى؛ يوقسۇزنى زەردارغا، سەتنى چىرايلىققا، ياۋاش ـ يۇمشاقلارنى مەردۇ ـ پەلۋانغا ئايلاندۇرىدىغان شىپائىي زەمزەم؛ كىشىنى ياشارتىدىغان، قۇت ـ ئامەتكە نائىل قىلىدىغان تەنگە داۋا، رەنجىگە شىپا كامالىي قۇۋۋەت. شۇڭا نۇرغۇن كىشى «سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى»چىلىك مەنسەپ كويىدا جېنىنىڭ بارىچە پالاقشىيدۇ؛ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، تالاي كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ھوقۇق ئۈچۈن ئۆزئاراقىلتاق قۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. يەنە بەزىلەر مەنسەپ تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆچمەنلىك بىلەن بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىدۇ. مىسالەن: 1937 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى ستالىن ئۆز ئىمتىيازىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆكتىچىلەرنى تازىلاش باھانىسى بىلەن نەچچە مىليون ئادەمنى قىرغۇەتكەنىدى. شۇ يىلى لېنىننىڭ مەشھۇر ۋەسىيىتىدە نامى

تىلغا ئېلىنغان سوۋېتلار ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئالتە نەپەر رەھبىرىدىن ستالىندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئېتىپ تاشلاندى؛ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ئالتىنچى نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 27نەپەر ئەزاسىدىن 20سى ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. بىرىنچى نۆۋەتلىك سوۋېتلار ھۆكۈمىتىنىڭ 15نەپەر ئەزاسى ئىچىدە ئۆز ئەجىلىدە كەتكەن بەشەيلەن بىلەن ستالىندىن باشقا توققۇز كىشىنىڭ ھەممىسى ئېتىۋېتىلدى.

«ئىشرەت»نى ئانچە يامان نەرسە دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا زىيادە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم كەيپ ـ ساپانىڭ قۇلى بوپقالىدۇ ـ دە، ئاخىرى تەتۈر يولغا مېڭىپ قالىدۇ.

قىيابېقىشلىرى بىلەن ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالىدىغان جىلۋىگەر سەتەڭلەرنىڭ سېھرىي كۈچى ئادەمنى شەيدائىي مەجنۇن قىلىۋېتەلەيدۇ. سەتەڭلەرنىڭ ھېلىسىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بەزىلەر سەتەڭلەرنىڭ بىرەر قېتىملىق جىلۋىسىنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالىدۇ؛ بەزىلەر سەتەڭلەرنى دەپ تەختى ـ بەختىنى دوغا تىكىدۇ؛ بەزىلەر سەتەڭلەر ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرى، ھەتتا ئەزىز جېنىدىن ۋاز كېچىدۇ. مەلۇمكى، ئۆتمۈشتىكى پادىشاھلارنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك ئۆمرى كوتا ئىدى. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە 30 ـ 40ياشىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنلىرى ئىنتايىن كۆپ، يىگىرمە نەچچە ياشىدا قازا قىلغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى، دەل سەتەڭلەر قوزغاتقان زىيادە شەھۋەتخورلۇقتۇر. چۈنكى قەدىمدە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ يۈرۈش ـ يۈرۈشلەپ ھەرەمخانىسى، نەچچە ئونلاپ توقال ۋە بانۇسى بولغان. شۇڭا ئۇلار ھەر كۈنى تۈي كېچىسىدەك سەتەڭلەرنىڭ قويىنىدا مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇپ، ئاقىۋەتتە كۈچ ـ مادارىدىن كېتىپ ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلگەن.

شارابسىز زىياپەت بولمايدۇ. جاھانسازلىقنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن بولمىش شاراب ــ ھېيت ـ بايرام، مۇراسىم ـ ئولتۇرۇشلارنىڭ كۆركى. ئۇلپەتلەر ئىككى قەدەھتىن قېقىشىۋالغاندىن كېيىن سىر قۇلۇپلىرى ئېچىلىپ، ئىنچىكە تىللىرى چىقىدۇ ـ دە، يۈرەك سۆزلىرىنى تۆكۈپ سىردىشىدۇ. دېمەك شاراب خۇشاللىقنىڭ ۋاستىسى، دوستلۇقنىڭ مەلھىمى، «ئادەمگەرچىلىك»تىكى مۇناسىۋەت ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاتىدىغان رىشتە. بىراق ئۇمۇ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئېزىتقۇ شەيتانلارنىڭ بىرى. گالدىن بىرەر ـ ئىككى رومكا شاراب ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن توختاپ قالماق تەس. شۇڭا ھاراقنىڭ دەستىدىن ئاشقازىنىنى قانىتىۋالىدىغانلار، زىياپەت شىرەسىدە جان بېرىۋاتقانلار، مەستچىلىكتە ھاجەتخانىغا چۈشۈپ كېتىپ پوقتا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، كەيپچىلىكتە سەتەڭلەرگە قانات سۆرەپ رەسۋالىشىۋاتقانلار، خەققە نوچىلىق قىلىپ ئاغزى ـ بۇرنى قان بولىدىغانلار، مەستلىكتە ئاغزىنى يىغالماي بالاغا قېلىۋاتقانلار، مەستلىكتە ماشىنا ھەيدەپ ئەجىلىدىن بۇرۇن گۆرگە كېتىۋاتقانلار، زىيادە شارابخۇمارلىقتىن جىگەر راكىغا گىرىپتار بولۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس.

ئادەمنىڭ نەپسى قۇترىغان يولۋاسقا ئوخشايدۇ. ئۇ، روھ قەپىسىدىن بوشىنىپ چىققان ھامان ئېزىتقۇ شەيتانغا ئايلىنىدۇ. «پۇل»، « ھوقۇق»، «ئىشرەت»، «شاراب» خۇمارلىقتىن ئىبارەت بۇ ئېزىتقۇ شەيتاننىڭ ھەممىسى ئەپيۇن كەبىي «قۇدرەت»كە ئىگە. دەسلەپتە ئۇچراشقىنىڭىزدا بۇ «شەيتان» گويا ئەپيۇن گۈلىدەك ئۈزلۈقى بىلەن سىزنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئاشۇ مەپتۇنلۇقتا خۇدۇڭىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭىنى ئاتىۋېتىسەن. چۆرگىلەپ كېتەلمەي لەززەتلىنىسەن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىي كەيپىدىن ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا غەرق بولىسەن. بارا ـ بارا ئەپيۇنكەشنىڭ چىلىمنى خوردۇلدىتىپ شورىغان چاغدىكى بىھوشلۇقىدەك ھۇزۇرىي لەززەت ئىچىدە ياپرايسەن. «ئېزىتقۇ شەيتان » ئۆزىنى ھەقىقىي ئاشكارىلىغاندا بولسا گويا بىر كۈن چەكمىسە ئىچى تىتىلدايدىغان، ئىككى كۈن چەكمىسە خۇمار ئازابىغا چىدىيالماي تامغا ئۈسسۈيدىغان، چەككەنسېرى زەئىپلىشىپ، زەئىپلەشكەنسېرى يەنە چېكىپ، ئاخىرى تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەپيۇنكەشكە ئوخشاپ قالىسەن.

ئەلمىساقتىن تارتىپ تالاي باھادىر ـ ئەزىمەت جەڭگاھلاردا قالتىس باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قەھرىمان ئاتالغىنى بىلەن، «پۇل»، «ھوقۇق»، «ئىشرەت» ۋە «شاراب» ئالدىدا دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ تىز پۈكۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ «ئېزىتقۇ شەيتان»لارغا جانلىرىنى دو تىكىۋەتتى. بۇ «ئېزىتقۇ شەيتان»لار راك كېسىلىدىنمۇ قورقۇنچلۇقتەك قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى راك كېسىلىگە ھامىنى داۋا تېپىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. ئەمما، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان «ئېزىتقۇ شەيتان»لارنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەبەدىي داۋا تېپىلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، راك كېسىلىنىڭ قورقۇنچلۇقلۇقى ھەممىگە ئايان بولغاچقا، كىشىلەر تىلغا ئېلىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ. ھالبۇكى، تولا ئادەم «پۇل»، «ھوقۇق»، «ئىشرەت »ۋە «شاراب»خۇمارلىقتىن ئىبارەت «ئېزىتقۇ شەيتان»لارغا بارلىقىنى ئاتايدۇ؛ ئاشۇ «ئېزىتقۇ شەيتان»لارنىڭ ۋەسۋەسىسى تۈپەيلى جان بەرگەن چاغدىمۇ، ئۆزىنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلگەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي، گاراڭ ـ خامۇش پېتى كېتىپ قالىدۇ.

---

ئۇشبۇ جياشياڭ قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2008 ـ يىل نويابىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)سانىغا بېسىلغان. ئەلجان تۇرسۇن تەرجىمىسى. تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

# چەت ئەللىك پروفېسسورنىڭ ئاخىرقى دەرسى

بىيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقىنىمدا، تەلىيىمگە يارىشا ئامېرىكىلىق پاترېت پروفېسسوردىن تەلىم ئېلىش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇم. ئۇ بىزگە ئىنگلىز تىلى دەرسى بېرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم سىنىپقا غالىتەكلىك سەپەر چامادىنىنى سۆرەپ كۆلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كېلەتتى. چامادىنىدا بىزگە لازىملىق دەرسلىك ۋە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمىز بار ئىدى. پاترېت پروفېسسور ئېلىپ كىرگەن ماتېرىياللار ئارىسىدا مەخسۇس بىز ئۈچۈن تۈزگەن دەرسلىك بولۇپ، بىز ئۇنى «سېرىق تاشلىق كىتاب» دەپ ئاتايتتۇق.

مەكتەپنىڭ «دوكتور ئاسپىرانتلار ئەگەر ئورتاق ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىلمەيدۇ» دەيدىغان بەلگىلىمىسى بار ئىدى. شۇڭا ئاخىرقى ئىنگلىز تىل دەرسىدە ھەممەيلەن ئىچىمىزدە: «ھۆرمەتلىك پاترېت پروفېسسور، بىزنىڭ بۇگۈنكى كۆڭگە ئۇلاشمىقىمىز ئاسان ئەمەس، كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلارسىز!» دەپ ئىلتىجا قىلىشقانىدۇق.

ئۇ كۈنى پاترېت پروفېسسور كۈندىكىدەك كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە كونۋېرتتىن بىر باغلام سۈرەتنى چىقاردى. ئۇ بىزنىڭ «ئەمگەكچىلەر بايرىمى»دا شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىققاندا چۈشكەن كوللېكتىپ سۈرىتىمىز ئىدى. ئۇ، سۈرەتنى ھەربىرىمىزگە بىردىن تارقىتىپ بولۇپ: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى.

بىز بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي بوشقىنا «سۈرەت» دەپ قويۇپ، ئۇنىڭ تېزرەك «ئىلتىپات» كۆرسىتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. ئەمما پروفېسسور كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ: «بۇ دېگەن مېھىر-مۇھەببەت!» دېدى.

— بىز پات ئارىدا ئايرىلىمىز، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى پروفېسسور، — بەلكىم ئۇمۇرۋايەت يۈز كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، لېكىن سىلەرگە كۆيۈنىدىغانلىقىمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار! — ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى دىماغلىرىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ، يۈرىكىمىزنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالدى.

ئاخىردا پېد ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ: — پاترېت پروفېسسور، بىزمۇ سىزگە بەك ئامراق. ئەڭ ياخشىسى، ئىمتىھاننىڭ دائىرىسىنى تېزرەك ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى.

— سىلەرنىڭ ئەمدى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭلار ئۆزۈڭلەرگە ئىشىنىش، — دېدى پروفېسسور مەنىلىك قىلىپ، — دەرسلىكتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىز ئالمان-تالمان «سېرىق تاشلىق كىتاب» نى ۋاراقلاشقا باشلىدۇق. ئەڭ ئاخىرقىسى «سەمىمىيلىك ھەققىدە» دېگەن دەرس بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى.

**نېمە ئۈچۈن ئىمتىھان ئالىمىز؟**

*1. ئۆتۈلگەن دەرسنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرگەنلىكىڭىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن.*

*2. ئۆگىنىش ماھارىتىڭىز ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىڭىزنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن.*

*3. مۇئەللىمنىڭ ئۆگىتىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن.*

*4. ئەڭ مۇھىمى، سەمىمىيتىڭىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن.*

**سەمىمىيلىك دېگەن نېمە؟**

1. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپ، راستچىللىق، لەۋزى ھالاللىق، دۇرۇسلۇق.

**سەمىمىيلىككە ئائىت ھېكايە-تەمسىللەر:**

*1. بۆرە كەلدى.*

*2. يالغانچىنىڭ قويرۇقى بىر تۇتام.*

*3. ھارامدىن كەلگەن بايلىق ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.*

*4. سەمىمىيلىك ئاقىلانىلىكتۇر، سەمىمىي ئادەم زىيان تارتمايدۇ.*

*5. ئەگەر مەن باشقىلارنى ئەخمەق قىلسام، كىشىلەر ماڭا ئىككىنچىلەپ ئىشەنمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەمىمىيەتتىن كېلىدىغان خۇشاللىقلاردىن ئەبەدىي مەھرۇم قالىمەن.*

**بۇ قېتىملىق ئىمتىھاندا سەمىمىيلىكىڭىزنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىڭ:**

*1. مۇئەللىم قادىلىپ تۇرۇۋالمىسىمۇ، قانداق قىلسا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلىڭ.*

*2. قانچىلىك بىلسىڭىز شۇنچىلىك جاۋاب بېرىڭ.*

*3. كۆچۈرمەڭ.*

كۆچۈرمىكەشلىك جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە تېپىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. چۈنكى كۆچۈرمىكەش مىللەتنىڭ قۇدرەت تاپالىشى مۇمكىنمۇ؟

**كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ ئىپادىلىرى:**

*1. باشقىلارنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە ئوغرىلىقچە قاراش.*

*2. جاۋابنى باشقىلاردىن سوراش.*

*3. ئىمتىھان مەيدانىغا جاۋاب يېزىلغان باغاقچىلارنى ئېلىپ كىرىش.*

ناۋادا كۆچۈرمىكەشلىك قىلسىڭىز ئۇستازىڭىزنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىسىز؛ چۈنكى مەن سىلەرگە ئىشىنىمەن، كۆيۈنىمەن.

**ناۋادا كۆچۈرمىكەشلىك قىلسىڭىز:**

ئۇيغۇر كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى www.uyghurkitap.com

1. مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويىسىز ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىگە داغ چۈشىدۇ.

2. ۋىجدان ئازابىغا قالىسىز.

3. باشقىلار ئالدىدا يۈزىڭىزگە سەت بولىدۇ.

**كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ ئاقىۋىتى:**

1. ئىمتىھان قەغىزىڭىز نەق مەيداندا يىرتىپ تاشلىنىپ، نومۇرىڭىز نۆل بولىدۇ.

2. ھەممىمىزنىڭ يۈزى چۈشىدۇ، خىجالەتچىلىكتە ئۆزىمىزنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمىز.

ئاۋادا، راستىنلا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىسىڭىزمۇ مەن كۆرمەسكە سالىمەن، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن تۆرمۇشنىڭ بېرىدىغان جازاسى مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ.

بالام، قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى بىباھا بىلىڭ. بىر قېتىملىق ئىمتىھاننى دەپلا قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى نابۇت قىلىۋېتىشنى خالىمايدىغانسىز؟! شۇنداق كۆچۈرمىكەشلىككە تۆلىنىدىغان بەدەل بەكمۇ ئېغىر.

ئىمتىھان كۈنى پروفېسسور بۇرۇنقىدەكلا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. دەرۋەقە بەزىلەر يەنىلا كۆچۈردى. ئەمما پاترىت پروفېسسور كىتابىدا ئېيتقىنىدەك كۆرمەسكە سېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى...

چەت ئەللىك پروفېسسور ئېھتىمال ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمىسە كېرەك. نوپۇس زىيادە كۆپ، ئىش تاپماق ناھايىتى تەس، دىپلوم ئالماقمۇ ئاسان ئەمەس... لېكىن ۋىجدانىمىز بىلەن ئويلىنىپ كۆرەيلى: ئەجەبا، بۇلار ئىنسانىي ئەخلاق پرىنسىپىنى بۇزۇشىمىزغا سەۋەب بولالارمۇ؟ پاترىت پروفېسسور دۇرۇس ئېيتىدۇ: كۆچۈرمىكەش مىللەت قانداقمۇ قۇدرەت تاپالىسۇن؟!

---

تېيي خۇا ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «جۇجى گېزىتى»دىن «ھېكمەتلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 1 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئەكبەر ئېلياس تەرجىمىسى.تىلماچ: شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ «سېنىڭ»، «مېنىڭ»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۆز قىسقىغىنە ھاياتىمىزنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە تىلغا ئالغۇسىز رەزىللىكلەرگە مۇپتىلا قىلماقتا.

ـــ تارىخشۇناس

▲ بىزنى قۇل قىلىۋاتقىنى تۇرمۇش، بايلىق ۋە مەنسەپ ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشقا، بايلىققا ۋە مەنسەپكە بولغان زىيادە مەپتۇنلۇقىمىز.

Bbs ـــ

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما»ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل ئۆكتەبىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)سانىدىن ئابلەت مۇھەممەت توغراق تەرجىمىسى. تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

# توۋا قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر

ئىككى خىل ئادەم تـوۋا قىلىشنى بىلمەيدۇ. بىرى، باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغانلار. ئۇنداقلار مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا دۆڭگەپلا ئىش تامام، ۋەسسالام قىلىدۇ. يەنە بىرى، يامانلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، ھەق ـ ناھەق دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىغانلار.

ـــ لىن كەي

# دېھقاننىڭ ئېتىرازى

بىز شەھەر كوچىلىرىغا تۆكۈرۈپ قويساق شەھەر مۇھىتىنى بۇلغىغان بولىدىكەنمىز. ئەجەبا سىلەر شەھەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى سەھراغا ئەكېلىپ تۆكسەڭلار، سەھرايىمىزنىڭ مۇھىتىغا تەسىرى يوقمىكەن؟

بىز شەھەرگە كىرىپ ئىشلىسەك، سىلەرنىڭ ئېشىڭلارنى تالاشقان بولىدىكەنمىز. ئەمما سىلەر ھەدېسىلا تاغلىرىمىزغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلىساڭلار، سەھرايىمىزغا كېلىپ يەرلىرىمىزنى، ئۆيلىرىمىزنى سېتىۋالساڭلار بولىدىكەن. ئەجەبا بۇ تامىقىمىزغا چاڭ سالغىنىڭلار ئەمەسمۇ؟

ئىنگلىزچە گەپ قىلىشنى، تورغا چىقىشنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىزنى «سەھرالىق تومپاي»دەپ ئاتايسىلەر، ئەمما سىلەر ھەتتا زىرائەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ تۈزۈك ئۇقمايسىلەر؛ خوش، دەپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنى نېمىدەپ ئاتىساق بولار؟

# سەلبىي دەرسلىك

بىر ئايال بالىسىغا دائىم: «بالام، پاكىز يۈرگىن، سەھرالىقلارنى دورىما»دەپ جېكىلەيدىكەن. ئۇ بىر كۈنى قاراتەرگە چۈمۈلۈپ ئىشلەۋاتقان دېھقاننى كۆرسىتىپ ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ: «ياخشى ئوقۇمىساڭ ئەتە ـ ئۆگۈن ئاشۇ سەھرالىقتەك دېھقان بوپقالىسەن!»

بىر دېھقان ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ:«ئوغلۇم، ياخشى ئوقۇ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسەڭ كەتمەندىن قۇتۇلىسەن، ھەرگىزمۇ مەندەك بوپقالما!»

بىلمىدىم، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار قاچاندىن باشلاپ كىشلەرنى تەربىيىلەيدىغان سەلبىي دەرسلىك بوپقالدىكىنە؟

---

لىيۇ زىجۈن قەلىمىدىكى بۇ ئىككى مىكرو فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2008 ـ يىل فېۋرال (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. ھەزرىتئەلى تۇراق تەرجىمىسى .تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

# «قاپ يۈرەك»قىزنىڭ ھېكايىسى

يېقىندا ۋېن جيابائو زۇڭلى بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىغانىكەن، بىر قىز ئوقۇغۇچى زۇڭلىغا قاراپمۇ قويماي، ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ كىتابىنى كۆرۈۋېرىپتۇ.

بۇ خەۋەر ئىنتېر توردا تارالغاندىن كېيىن تورداشلار ئۇنى «ناھايىتى قاپ يۈرەك قىزكەن»دەپ تەرىپلىشىپتۇ.

بۇ «قاپ يۈرەك قىز» گەرچە ھېچنېمە قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ زۇڭلىغا دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، زۇڭلىمۇ ئوخشاشلا ئادەم. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىشى دەل مەۋسۇم ئاخىرىدىكى جىددىي تەكرار ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن كىتابقا بېرىلىپ كىرىپ كەتكەن بۇ قىزنىڭ زۇڭلى بىلەن سالاملاشقۇدەك ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگىدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ئەمما بۇ دېگەن جۇڭگو-دە. دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەك نەچچە كۈنگىچە قولىمىزنى يۇيۇشقا كۆزىمىز قىيمايدىغان بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق دۆلەت پۇقرالىرى ئىچىدە دۆلەت رەھبىرى كەلسە قىمىرلاپمۇ قويماي، كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋېرىش «قاپ يۈرەكلىك»بولماي نېمە؟

بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى، ھەتتا ئىنتېر توردا تارقىلىشى بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىنئالا «رەپتىس» قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئادەتتە زۇڭلى مەلۇم بىر ئورۇننى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولسا، تەكشۈرۈلىدىغان ئورۇننىڭ ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، بۇ خىل كۆزدىن كەچۈرۈش كۆپىنچە ھالدا زۇڭلىنىڭ ئارزۇسى بويىچە «تۇيۇقسىز ھۇجۇم» شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، كۇتۇۋېلىشقا مەسئۇل خادىم ئۆرە-تۆپە بوپكېتىدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئەينى يىللىرى مەن ئوقۇغان مەكتەپمۇ بىر قېتىم رەھبەرلەرنى كۇتۇۋالغانىدى. ئىشقىلىپ كۇتۇۋېلىشتا كۆزگە چېلىقىدىغانلىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى بىر ئاي بۇرۇن «رەپتىس»قىلدۇرۇلغانىدى. جۈملىدىن، قارشى ئېلىش ئەترىتىنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن قىزغىن ۋە رەتلىك بولغاندىن باشقا، ھەتتا كۇتۇپخانىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان، ئاشخانىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ تاماق ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگىمۇ ئالاھىدە تەلەپ قويۇلۇپ، شۇ بويىچە مەشىقلەندۈرۈلگەنىدى. قىسقىسى، ناۋادا رەھبەرلەر گەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا قانداق جاۋاب بېرىش دېگەندەك ئىشلارغىچە تولۇق تەييارلىق كۆرۈلۈپ، چوقۇم رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇش، ھەرقانداق «يوچۇق» نىڭ بولۇشىغا يول قويۇلماي، رەھبەرلەرنى رازى قىلىپ، مەكتەپتىكىلەرنىڭ «يۈزنى يورۇق»قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

ئادەتتە بۇنداق تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تاراشلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، سۇ كىرمەس قىلىپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان قىزغا ئوخشاش «قاپ يۈرەك»لەرنىڭ مەيدىر-سىدىر قىلىشىغا پۇرسەت بولمايدۇ، دېگەن گەپ. خوجا كۆرسۇن دەپ تەييارلانغان نەرسىلەر قانچە پەردازلانسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ يەنىلا بىر مەيدان ئويۇندىن ئىبارەت، خالاس. ئەگەر رەھبەرلەر ئاشۇنداق ئويۇننى ياخشى كۆرسىمۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا تارتقىنى شۇ. كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن رەھبەر ناۋادا ئۇنداق ئويۇننى ياقتۇرماي قالسىچۇ؟ ئۇنداقتا ،تەشكىللىگۈچى ئورۇن يۇقىرىنى ئالدىغان دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالىدۇ.

نېملا بولمىسۇن، بۇ «قاپ يۈرەك»قىزنىڭ ھېكايىسى مەندەك كۆپنى كۆرگەن «كاداڭ»غا ئاشۇ يىللارنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى تونۇتتى. ئەلۋەتتە، ھازىرقى ياشلار سىياسىي داھىيلارنى «مەبۇد»دەپ قارىمايدۇ. مەنسەپدارلارنىڭ ئەمىلى ھەرقانچە چوڭ بوپكەتسىمۇ، ياشلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئادەم. ئۇلارنى چوقۇنىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان «چولپان»لارغىلا چوقۇنىدۇ. ئەمما بۇ خىل چوقۇنۇش قانداقتۇر ئىلاھقا سەجدە قىلغاندەك چوقۇنۇش ئەمەس، بەلكى بىرخىل مەدەنىيەت ئىنتىلىشىدىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇ «قاپ يۈرەك» قىزنىڭ داھىي كەلگەندە دوستلىرىدەك «پۈكلىنىپ يەتتە تەزىم قىلماي» پەرۋايى-پەلەك ئولتۇرۇۋېرىشى، دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

بىز ئۆتكەن ئاشۇ يىللاردا داھىيلارغا بىر خىل ئىچ-ئىچىمىزدىن ھاياجان بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرەتتۇق، داھىيلارنىمۇ بىزگە ئوخشاش يەيدىغان، ئىچىدىغان، چىقىرىدىغان، ئاخىرى بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەم دەپ قاراشنى ئۇلارغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلەتتۇق. قىسقىسى، بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

«قاپ يۈرەك قىز»نىڭ بۇ ھېكايىسى شۇنىڭدىن بېشارەت بەرىدىكى، نوپۇسى ئەڭ كۆپ بىر مىللەت نورماللىققا قاراپ يۈزلەندى؛ بىز ئاخىرى دۇنياغا، ئەتراپىمىزغا، سىياسىي داھىيلارغا «ھېيىقماي»قارىيالايدىغان، ئۇلارغا دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش باھا بېرەلەيدىغان بولدۇق. ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى ئىنقىلابلىرىمىز ئارقىلىق ئىنتىلگەن باراۋەرلىك دەۋرىمىزگە كەلگەندە نەقلەشتى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتقان «ئىنتېرناتسىئونال»شېئىرىدىكى «دۇنيادا يوق قۇتقازغۇچ خۇدا، يۆلەنمەيمىز ئەۋلىياـ خانغا»دېگەن مىسرالار 30يىللىق ئىسلاھات داۋامىدا ئىسپاتلاندى. ناۋادا، بارغانلىكى يېرىدە مەنسەپدارلىق كىبىرىنى پەش قىلىپ، قول ئاستىدىكى چوڭ-كىچىك باشلىقلار ۋە پۇقرالارنى قول قوۋۇشتۇرۇپ «خوش-خوش»دېگۈزۈۋاتقان مەنسەپ ساھىبلىرى ئەمەلدارلىق كىبىرىنىڭ مېھرىدىن كېچەلىگەن بولسا، بۇ دۇنيا تېخىمۇ گۈزەللىككە تولغان بولاتتى.

---

جاڭ مىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2009-يىل 6-يانۋار سانىغا بېسىلغان. ئۆمەر قادىر تەرجىمىسى. تىلماچ: پىچان ناھىيە پىچان بازار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى(M2).(M1)

بۇ سەھىپىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگۈچى: سېيت تىلىۋالدى(تەكلىپلىك)؛ سېلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي(تەكلىپلىك)

www.uyghurkitap.com




## تىلەمچى، داۋراڭچى ۋە راستچىللىق

ئېلشاد رەخىم

تىلەمچىنى ھېچكىم مەدھىيىلىگەن ئەمەس. ئەمما ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قويىمىز. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشىمىز، بىزنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش كۈنگە قالمىغىنىمىزغا ئېيتقان شۈكرىمىز بولسا كېرەك.

رەستىدە تىلەمچىلەر پۇل بېرىشىمنى ئۈتۈندى. ئۇلارغا پۇل بەردىم. ئۇلار توقۇغان ھېكايە كىشىنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا پۇل بېرىشىم، ئۇلارنىڭ راست ياكى يالغان سۆزلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

بىر كىشى سەدىقە بېرىشنى نىيەت قىلدى. بىراق ئۇ سەدىقىنى ئوغرىغا بېرىپ سالدى. كىشىلەر ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئوغرىغىمۇ سەدىقە بېرەمسىدىن؟» دېدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ يەنە سەدىقە بەردى. بۇ قېتىم پاھىشىگە بېرىپ سالدى. كىشىلەر: «پاھىشىگىمۇ سەدىقە بېرەمسىدىن؟» دېدى. ئۈچىنچى كۈنى يەنە سەدىقە بەردى. ئۇقۇشماستىن بىر بايغا بېرىپ سالدى. كىشىلەر: «بايغىمۇ سەدىقە بېرەمسىدىن؟» دەپ كايىدى. ئۇ، « سەدىقەم قوبۇل بولمايدىغان بولدى» دەپ ئۈمىدسىزلەندى.

ئۇ، چۈش كۆردى. چۈشىدە سەدىقە قوبۇل بولدى. چۈنكى، ئوغرى شۇ كۈنى ئوغرىلىق قىلمىدى، پاھىشە زىنا قىلمىدى، باي تەسىرلىنىپ، «ئەسلىدە سەدىقە بېرىدىغان ئىشكەندە؟!» دەپ سەدىقە بېرىشنى ئۆگەندى.

تېلېۋىزورنى ئاچتىم. پۈتكۈل قانال داۋراڭ (ئېلان) بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بىر داۋراڭچى نومۇس قىلماستىن:

### تۇيغۇ ۋە ئەقىل

— ماڭا ئېيتىڭ، مەن قىلغاننى سىزمۇ قىلالايسىز، — دېدى. ئۇ قىلغاننى باشقىلار چوقۇم قىلمىسا بولمامدىكەن؟ ئۇ يە ئىلاھ بولمىسا؟ خەلق ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئىشىنىسۇن؟

مەن قېرىنداشلىرىمغا سوئال قويدۇم. « تىلەمچى ياخشىمۇ، داۋراڭچى؟» ئۇلار ھەرخىل جاۋابنى بېرىشى مۇمكىن. ئەمما مەن تىلەمچىنى ياقتۇردۇم. قانداقلا بولمىسۇن، تىلەمچى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بىلسۇن، بىلمىسۇن، ياخشى نىيەتتە دۇئا قىلىپ قويىدۇ. كونىلارنىڭ «سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى» دېگىنى ھېكمەت ئەمەسمۇ؟

ئويلا-ئويلا، ئاخىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007-يىل 1-سانىدىكى بىر تەرجىمە ماقالە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. «چولپانلىرىمىز نېمىشقا ئاغزىنى يۇمايدۇ؟»

بىر ئۆلىما سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم:

— نىجات تاپقانلارنىڭ ھەممىسى راستچىللىق بىلەن نىجات تاپتى، ھالاك بولغانلارنىڭ ھەممىسى يالغان بىلەن ھالاك بولدى، — دېدى ئۇ ۋە ئىسپاتى ئۈچۈن ئىككى قىسسە سۆزلەپ بەردى.

ئى، قېرىنداشىم، سەنمۇ ئاڭلىغىن! ئەگەر قەلب تارىڭ چېكىلمىسە، كۆزلىرىڭگە نادامەت ياشلىرى كەلمىسە، ئىنسانلىقىڭغا سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغىن!

پىرئەۋن چۈش كۆردى. چۈشىدە بەنى ئىسرائىلدىن بولغان بىر ئوغۇل ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالدى. ئەتىسى ئۇ بەنى ئىسرائىلدىكى ئاياللارنى قالدۇرۇپ ئەرلەرنى، ھەتتاكى يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. نەق شۇ كۈنلەردە مۇسا تۇغۇلدى. پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى تەكشۈرۈپ كەلگەندە، ئانىسى قورقۇپ كېتىپ مۇسانى تونۇرغا تاشلىۋەتتى. ياراتقۇچى ئۆز ئەمرى بىلەن ئۇنى ئوت ئىچىدە ساقلاپ قالدى. تەكشۈرگۈچىلەر كەتكەندىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا، مۇسا تونۇردا ساق-سالامەت ياتاتتى. ئانىسى ئۇنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋەتمەكچى بولدى-دە، ساندۇقچىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ساندۇقنى نېمە قىلاتتىڭىز؟ — سورىدى ساندۇقچى.

— بەنى ئىسرائىلدىكى ئوغۇللار قىرىپ تاشلىنىدۇ. مەن بىر ئوغۇل تۇغقانىدىم، ئۇنى شۇ ساندۇققا سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋېتەي، — دېدى. ساندۇقچى دەرھاللا پىرئەۋنغا مەلۇم قىلىشقا ماڭدى. پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بارديۇ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. پىرئەۋن ئۇنى ھەيدىۋەتتى. قايتىپ كېلىپلا ئوڭلىنىپ قالدى. ئۇ يەنە يۈگۈرگىنىچە ئوردىغا قايتىپ بارغانتى، يەنە تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. پىرئەۋن ئاچچىقلاپ ئۇنى قايتا ھەيدەتكۈزۈۋەتتى. ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى. ئاخىر پىرئەۋننىڭ غەزىپى كېلىپ ساندۇقچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتتى...

بىر ئانا ئون ياشلىق ئوغلىنى قىرىق دىنار بىلەن بىر كارۋانغا قېتىپ يىراقتىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا يولغا سالدى. يېرىم يولغا كەلگەندە كارۋان بۇلاندى. قاراقچىلار كىشىلەردىن «نېمەڭ بار» دەپ سورايتتى. كىشىلەر«ھېچنېمەم يوق» دەپ قۇتۇلماقچى بولاتتى. بىراق قاراقچىلار ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ، مال-مۈلكىنى ئېلىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. نۆۋەت ئون ياشلىق ئوغۇلغا كەلگەندە، قاراقچىلار باشلىقى:

— ئى ئوغۇل، يېنىڭدا پۇل بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار.

— قانچە بار؟

— قىرىق دىنار بار، — دەپ پۇلنى چىقاردى.

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ھەيران بولۇپ:

— سەن نېمىشقا راست گەپ قىلىسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، — مەن ياراتقۇچىدىن قورقىمەن. ئاناممۇ مەن مېڭىشنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلماسلىققا ۋەدە ئالغانىدى، — دېدى بالا.

— ئى ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى! ئون ياشلىق بالا سەندىن قورقۇۋاتسا، مەن قورقمامدىمەن؟ — كۆزلىرىدىن ياش ئەگكەن قاراقچىلار باشلىقى ھەممە ھەمراھى بىلەن بىللە ھەق يولغا قايتىپ كەلدى.

2009-يىل 5-مارت، قورغاس

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ «قوش تىل»تولۇق 3-يىللىق 5- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## سەئىدۇللا سىيايىفنىڭ «ئەھمەد يەسسەۋىي»رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئۆز نەپسىنى يەڭگەن ۋە ھاياتىدا روھىي، مەنىۋى جەھەتتىن غالىب ئادەم بۇ دۇنيادا ئەركىن، مۇستەقىل ئادەمدۇر.

▲ دۈشمەننىڭ خۇشامەتكە ئۆتسە، ھوشيار بولمىقىڭ كېرەك.

▲ ھەربىرىنىڭ تۈلكىسىنى ئۆز بۆركۈتى بىلەن ئوۋلايدۇ.

▲ خەۋپ-خەتەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرە ۋەھىمىسى يامان.

▲ ئىلىمسىز ئەل ئۆزگىلەرگە يەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا يانجىلىدۇ.

▲ پەرۋاسىزلىق، كۆپ ھالدا شەرمەندىلىك بىلەن خاتىمىلىنىدۇ.

▲ ئارقىدا قالغان تېغىڭنى ئەمەس، بارار بېغىڭنى ئويلا.

▲ تۈرك يىغلىغان گەپكە ئەجەملىك كۈلەر ئىمىش.

▲ تومۇچۇقنىڭ ئەجلى يەتسە بۈركۈت بىلەن ئوينىشارمىش.

▲ قەسەمخوردا ۋاپا بولماس.

▲ بۇ دۇنيا ئىمارەتنى ۋاپا تۈۋرۈكلىرى كۆتۈرۈپ تۇرارمىش، ئەمما ئۈستى خىيانەتتىن يېپىلارمىش.

▲ ياشلىقتا ئوقۇغىنىڭ مەرمەرگە يېزىلىدۇ، قېرىلىقتا ئوقۇغىنىڭ قۇمغا.

---

تەۋسىيە قىلغۇچى: گۇما ناھىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن مۇھەممەت كامىل خۇشخۇي

# زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ گۈلنىڭ ئېچىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ۋايىغا يەتكۈزمەي ئۇنى مەجبۇرىي ئېچىلدۇرىمەن دېسەڭ، ئۆلتۈرۈپ قويىسەن، سىرمۇ خۇددى شۇنداق.

▲ «كۆرۈشەرمىز» دېگەن گەپنى ئېيتماق ئاسان، لېكىن پۇرسەت كەلمىكى ناھايىتى قىيىن.

▲ ناپالېئوننىڭ: «پاسكىنا كىيىملىرىڭنى ئۆيگە مۆكۈنۈۋېلىپ يۇي»دېگەن سۆزى، ئۆز ئەيىبىڭنى سازايى قىلما دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان.

▲ دەرەخكە ياپراق قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ئىنسانغىمۇ پەزىلەت شۇنچىلىك زۆرۈر. خۇددى نەچچە كىشىنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان دەرەخنى ئادەمنىڭ كۆزىچىلىك يوپۇرماقلار ياشناتقىنىدەك، ئىنساندىكى ئەخلاق ـ پەزىلەتنىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

▲ «قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا»دەيتىكەن. ئۇنداقتا ساڭا بېرىلگەن قىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولامدۇ؟

▲ تۇزۇكرەكنى ياخشى كۆرسەڭ بولماسمىدى دەپ گۆدەك بالىدەك سۆزلىگىنىڭنى قانداق قىلاي! سەن قازادىن ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇزۇكرەك يەردە ئۆلسەڭ بولماسمىدى دېگەندەك ئەخمىقانە گەپ قىلىۋاتىسەن. كىم قانداق قازا بىلەن ئۆلۈشنى بىلمىگەندەك، ئۇ قانداق بىر قىزغا ئاشىق بولۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. كىم كىمگە ئاشىق بولسا، ئاشۇ ئاشىقى مەشۇقى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە چەكسىز گۈزەل، مۇھەببەتنىڭ ئەتىۋارىمۇ شۇ يەردە!

▲ ئىنسان ھاياتىدا ئېرىشكەن مەرتىۋىسى، تۆھپىسى، ئىززەت ـ ئابرويى بىلەنلا بەختلىك بولامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزىنى ھاياتتىن تولۇق بەھرىمەن بولغان قانائەتلىك ئىنسان ھېسابلىيالامدۇ؟ ياق! سەۋەبى، ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۆلۈپ تۇرغان خانلار، ئەرباب، ئالىم، يازغۇچى، نامى ئۆلمەس مەشھۇر ئادەملەرنىڭمۇ يۈرىكىنى ئاختۇرساڭ قاداق تېپىلىدۇ. مانا بۇ قاداق شەخسىي ھاياتىدا ئۇچرىغان بەختسىزلىكنىڭ يالدامىسى.

▲ ھازىر ماختىلىۋاتقان، مەدھىيىلىنىۋاتقان ئادەملەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بورانلار زەربىدىن قۇم تاغدەك ئۆرۈلۈپ تۈگەيدۇ. تەتۈرىسىچە ، قارىلىنىۋاتقان، تىللىنىۋاتقان ئادەملەر دەۋر تۈپرىقىدا تاغ بولۇپ تىكلىنىپ، بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ.

▲ ياخشىلارنىڭ جەم بولمىقى كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ ئۇچراشمىقىنىدەك تەس بولىدىكەن، يامانلار بولسا، توپ قاغىدەك دائىم بىللە يۈرىشىدىكەن.

▲ نادان ۋە جاھىللارنى ئەتىۋارلاپ، دانا ۋە بىلىملىكلەرنى خورلاش زالىم پادىشاھلارنىڭ ئەلنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى.

▲ ئىنسان مۆجىزى غەلىتە نەرسە. تالاي يارامىلىق ئادەم مىجەزىدىكى نۇقسانلىقلىرى بىلەن بەختسىز بوپقالىدۇ: ئۇخشاشلا، نۇرغۇنلىغان يارامسىز ئادەممۇ مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بەختلىك بولۇپ، جەمئىيەتتە يۈز ـ ئابرۇي، ئورۇن ـ ئىناۋەتكە ئىگە بولالايدۇ.

▲ غايىسىز چىراي مۇزدىن ياسىغان بۇتقۇ بىر؟!

▲ ئىنسان ئۈچۈن بىر مەھەل زېرىكىشلىك ۋە يىرگىنىشلىك كۆرۈنگەن شارائىت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەل بوپقالىدىكەن.

▲ چىرايلىق ئايال ئەرگە زادى ئاراملىق بەرمەيدۇ.

▲ پەرھاد شېرىننى ئېتى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈۋالغان.

▲ خىيال ــ بايلىق، خىيال ــ كىتاب.

▲ پەرھاد ـ شېرىن، لەيلى ـ مەجنۇن، يۇسۇپ ـ زۇلەيخا، ۋامۇق ـ ئۇزرا، رابىئە ـ سەئىدىن، تاھىر ـ زۆھرەدەك ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇرادىغا يەتكەن بولسا، يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ جۇدالىقتا تارتقان كۈلپەتلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن ۋارقىراشقان، باتناشقان، ھەتتا بىر ـ بىرىدىن زېرىككەن بولاتتىمۇ؟

▲ مەشتىكى ئوتقۇ گۈركىرەيدۇ، يالقۇنجايدۇ، لېكىن ئاستا ـ ئاستا كۈل بېسىپ ئۆچىدۇ. مۇھەببەتمۇ شۇنداقمۇ؟

▲ كەچۈرۈش كېرەك، ئۆزۈڭنى پۈتلىغان بىرسىنى كەچۈرۈش ـ كەچۈرەلمەسلىكىڭ سېنىڭ پەزىلىتىڭگە باغلىق. شۇڭا تىغ ئۇرمىغانلا بولسا، سەن ئۇنى ئۆز پەزىلىتىڭ بىلەن قولىدىكى تىغنى تاشلاشقا مەجبۇر قىل. ھەرگىزمۇ ئۇنى تىغ ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويما.

▲ بىر مەسىلىدىكى كۆزقاراشقا قاراپلا بىر ئادەمگە باھا بېرىشكە بولمايدۇ، كۆز قارىشى توغرا بولمىغان ياخشى

www.uyghurkitap.com

ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

▲ ئۇستازغا قىيىن ئىش، شاگىرتقا ئاسان بولىدۇ. سەۋەبى، قىيىنى ئۇستاز تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ، شاگىرتقا ئاسىنى قالىدۇ ـ دە!

▲ مۈشۈكنى قويلار ئارىسىدا باقسا، مياۋلاشنى ئۇنتۇپ، مەرەيدىغان بوپقالامدىكىن دەيمەن، تىل دېگەن شۇنداق نېمىكەن.

▲ ئۆزۈڭنىڭ كىم ۋە قانداق ئادەم بولۇشۇڭنى غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىڭ ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت تەلىپى بەلگىلەيدىكەن.

▲ جانغا تېگىدىغان قوراي ـ چاتقاللىق ئىچىدىمۇ بەزىدە سېنى خۇشھال قىلىدىغان گۈللەر ئېچىلغىنىدەك، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان بىر خىل تۇرمۇشقىمۇ يوشۇرۇن گۈزەللىك سىڭگەنلىكىنى بايقايمىز.

▲ ئاياللارنىڭ رەھىمسىز، مۇھەببەتسىز، مەنىۋى گادايلىقتا چېكىگە يەتكەن ئەرلىرىدىن تارتىدىغان زۇلۇمىنى ھېچقانداق قانۇن ماددىلىرى بىلەن چەكلىگىلى بولمايدۇ.

▲ يول ئەگرى بولسا، پەللىمۇ يىراقلىشىدۇ، لېكىن ئىرادىلىك ئادەم ئۈچۈن يەتكىلى بولمايدىغان پەللە يوق...

پەخەس بول، ئالتۇن بىلەن چالمىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان باشلىقلار ھەممە يەردە تېپىلىدۇ. بىز جۇڭگولۇقلار زىيان تارتساق، مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن زىيان تارتىمىز.

▲ تۇخۇم ئوغرىسىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ئەڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئوغرىلاشقىچە بولغان ئوغرىلىق زادى نەچچە خىل؟ تالان ـ تاراج قىلىش ئوغرىلىقنىڭ ئالىي شەكلى بولسىمۇ، بۇنى ئاقلايدىغانلار شۇنچە كۆپ ۋە كۈچلۈك. تىللايدىغانلارچۇ؟ ئادالەت پىرىنىڭ كۆزى كور، پېچىقى گال بوپقالغان چاغلاردا ئەلۋەتتە تىللىغۇچىنىڭ ئورنى تۈرمە، ئىسمى جىنايەتچى بولماي نېمە بولاتتى؟

▲ دەرد بىلەن تولغان يۈرەك زەھەر قاچىلانغان كۆپقا ئوخشايدۇ، باشقا كۆپلارغا قارىغاندا، بۇنداق كۆپ ئۇزاق چىدايدۇ. نېمىشقا دەمسىنا؟ ئۇنىڭ ئۇستامىنىڭ قولى تەگمىگەن كەمتۈكلىرى زەھەر دۇغى بىلەن پۈتىدۇ ـ دە، ئۇ تېخىمۇ پىشىدۇ. دەردلىك يۈرىكى بار ئادەم باشقىلار بىلمەيدىغان سىرلارنى تازا ياخشى بىلىدۇ.

▲ يالغان بوياق بەربىر ئۆڭىدۇ، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رەڭگىنى ئاشكارىلىمايدىغان نەرسە يوق. كۆزى ئۆتكۈر كۆزەتچى ئۇنى ھامان كۆرەلەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ غەمدىن خالاس بولۇشى، دەرەخنىڭ شامالدىن ساقلىنالمىغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش ئىكەن.

▲ دۇنيادا ئەڭ ئاسان ئىش ــ يالغان ئېيتىش.

▲ ئىنسان ۋاپادىمۇ، يۈزسىزلىكتىمۇ ھەممە جانلىقتا ئۈلگە بولالايدىكەن.

▲ ئىنساني ئەركىنلىك بولمىغان ھايات ــ تۈرمە ھاياتى.

▲ بىر نادان ئالتۇن تەختكە چىققان ھامان، قەدەپەستىن بوشىغان تەلۋە ئارسلانغا ئايلىنىدۇ. تەلۋە ئارسلان ئىنسان ياراتقان ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى يوقىتىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلاپ، قاباھەت توقمىقى بىلەن ھەممىنى ساۋايدۇ.

▲ ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم ــ ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ.

▲ بۇ يەردە ھاكىمىيەت تايىقى بەك قاتتىق بىلىنمەيدۇ، چۈنكى بىز تاياق كۆتۈرگەنلەرگە يېقىن تۇرىمىز.

▲ بەۋاپا ئادەملەر ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇئۆزىگە ئوخشاش بەختسىز قىلىدىكەن.

▲ راھەت بىلەن نام ـ ئاتاق شۇنچە قىممەت، شۇنچە قول يەتمەس، شۇنچە دۈشمەنلىك نەرسىكەن. سەن بىرنېمىگە قىزىقىدىكەنسەن، ئۇ نەرسە باشقا بىرىگە تېگىمل بوپقالىدىكەن. سەن شۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەنسەن، مانا شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنىڭ كۆپىيىدىكەن.

▲ تۇرمۇش ئادالەتسىز ئانىغا ئوخشايدىكەن، يارىشىدىغان كىيىملەرنى كۆرۈمسىزلەرگە كىيگۈزۈپ، چىرايلىقلارنى خورلايدىكەن.

▲ تۇرمۇش بىر سەھنە كىتابى ئىكەن، ھەممىمىز ئارتىسكەنمىز: بىردەمدىلا يىغلايمىز، بىردەمدىلا كۈلىمىز. بىرلىرى ساڭا قاراپ تۈكۈرىدۇ، بىرلىرى ساڭا قاراپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، يەنە بىرلىرى ساڭا قوشۇلۇپ يىغلايدۇ.

▲ ھاراقكەش بەئەينى ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قورسىقى، بويىنى بار، بىراق كاللىسى يوق.

▲ توق ئادەمنىڭ كېكىرىشى ــ ئاچ ئادەم ئۈچۈن ئۇزۇق ئەمەس.

▲ خاتالىقتىن قايتىش، ھەقىقەتكە يېنىش ــ چۈشتىن ئويغىنىشقا ئوخشاش.

▲ ئىنسانلارنىڭ يۈزدە 99%ى مايمۇنغا ئوخشاش دورامچى، ئۆزىچە يېڭى يول تېپىپ ماڭغانلار ناھايىتى ئاز. ئادەملەر بىر ـ بىرسىنى دوراپ، ھازىرقىلار ئۆتكەنكىلەرنى، كىچىكلەر چوڭلارنى، پۇقرالار باشلىق، مۆتىۋەر، يۈزلۈك ـ مەرتىۋىلىكلەرنى دوراپ ياشاۋېرىدۇ. ئۆز ئەقلى بىلەن ھەممىنى ھەل قىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز. بەزىلەر ھايات توغرىسىدا دانالىق بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى سىزگە بىر يېڭى كىتابتەك بىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ ھاياتنى ئۆزلىرى سۆزلىگەنچىلىك چۈشەنمەيدۇ. بەزىلەر قېرىپ مۈكچەيگۈچە بۇ دۇنيادا ياشايدۇ ـ يۇ، ھاياتنىڭ ئەڭ ئاددىي قانۇنلىرىنىمۇ

www.uyghurkitap.com

چۈشەنمەيدۇ. بەزىلەر پۈتكۈل ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ يېڭىلىق ئىزدەيدۇ، ئازراق يېڭىلىقمۇ يارىتىدۇ. لېكىن ئەقىل بىلەن باھا بەرگەندە ئۇنىڭ يېڭىلىق دەپ تاپقان نەرسىسىمۇ باشقىلارنىڭ، ھېچبولمىغاندا قىلىپى باشقىلارنىڭ بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دۇنيا سىرلىق بولماي نېمە؟

تەۋسىيە قىلغۇچى: ئاتۇش شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇئەللىمەسى زەينۇر ئىبراھىم

# كىمنى تاللايسىز؟

بىر ئاغىنەم مېنى سىناپ باقماقچى بولۇپ قولىغا گېزىتنى ئېلىۋېدى، بوپتۇ، دېدىم.

ئاغىنەم بىرىنچى سوئالنى قويدى:

ــ سەككىز بالىسى بار بىر ئايال ھامىلدار بوپقاپتۇ. بۇ سەككىز بالىسىدىن ئۈچى گاس، ئىككىسى ئەما، بىرى دەلدۈش ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايال سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بوپقالغانىكەن. قېنى، دەپ باققىنا، ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئاغىنەم ئىككىنچى سوئالنى قويدى:

ــ داھىي سايلاشقا قاتناشتىڭ دەيلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن تاشلىماقچى بولغان بىر بېلەت ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. داھىي سايلىمىنىڭ نامزاتلىرى مۇنداق:

A نامزات: سەممىيەتسىز سىياسەتۋازلار بىلەن باردى ـ كەلدىسى قويۇق، ئىلمىي نۇجۇمدىن خەۋەردار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشنىسى بار، ئۈچىغا چىققان بەڭگە، كۈنىگە سەككىز قەدەھتىن ئون قەدەھكىچە مارتېن ھارىقى ئىچمىسە تۇرالمايدۇ.

B نامزات: ئىلگىرى ئىككى قېتىم خىزمەتتىن ھەيدەلگەن، ھەر كۈنى كەچتە ۋېسكىينى چىلاشقۇدەك ئىچىۋېلىپ، كۈن چۈش بولغۇچە ئۇخلايدۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەپيۇن چەككەن.

C نامزات: ئوردېن ئالغان ئۇرۇش قەھرىمانى، گۆش يېمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ئاندا ـ ساندا پىۋا ئىچىپ قويىدۇ، ئاشنىسىمۇ يوق.

خوش، بۇ ئۈچەيلەندىن قايسىسىغا بېلەت تاشلايسەن؟

مەن بۇ ئىككى سوئالنىڭ جاۋابىنى يېزىپ ئاغىنەمگە بېرىۋىدىم، ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ــ A نامزات ــ فرانكلىن روزۋېلېت، B نامزات ــ ۋېنستون چېرچېلل، C نامزات ــ ئادولېف ھىتلېر.

مەن ئاغىنەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم.

ئاغىنەم يەنە سورىدى:

ــ خوش، سەن ھىتلېرگە بېلەت تاشلىماقچى، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا دەپ باقە، ھېلىقى ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟

ــ بۇنىڭغا گەپ كېتەمتى؟ ــ دېدىممەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، ــ ئاز تۇغۇش ــ ساز تۇغۇشنى تەكتىلەۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن زامان بولدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق پەلىپەتىش بىر نېمىلەرنى تۇغقىلى تۇرسا، جاھان نېمە بوپكەتمەكچى؟! شۇڭا، ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئەلۋەتتە ئالدۇرۇۋېتىش كېرەك!

ئاغىنەم شۇنداق دېدى:

ــ بىلەمسەن، ھېلىقى ئايال دەل بېتخوۋېننىڭ ئانىسى. دېمەك، سەن بېتخوۋېننى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ!

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە ھاڭ ـ تاڭ قالدىم.

ــ ئۆزۈڭنىڭ جاۋابىدىن ئۆزۈڭ ھەيران قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ چۈنكى، ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان جاۋابىڭ ئارقىلىق بېتخوۋېننى ئۆلتۈرۈپ، ھىتلېرنى تاللىدىڭ! ئېسىڭدە بولسۇن دوستۇم: شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە قېلىپلىشىپ قالغان قىممەت قارىشىنى ئۆلچەم قىلىۋالمىغىن!

ئەمدى ئوقۇرمەندىن سوراپ باقاي: گېزى كەلسە سىز كىمنى تاللايسىز؟

جېيك بېجۇن تەييارلىغان بۇ ماقالە «ھېكايە تورى»دىن «يامغۇرلۇق ئورمان» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 1 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. پاكزات سېيت تەرجىمىسى. تىلماچ: ئۈرۈمچى شەھەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ1 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M2)

بۇ سان 2009 ـ يىل 10 ـ مايدا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ مايدا نەشردىن چىقتى.
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن(M3). بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



قىرغىز ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە يېتىلىۋاتقان ياش
قىرغىز دېھقان يازغۇچى ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئانا قۇملۇق          ئابلىكىم ئەمەت فوتوسى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009-يىل 3-سان (ئومۇمىي 297- سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元